

# شىنجاڭ تەزكىرچىلىكى

2

2000

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى

يەسىللىك ژۇرنال
17 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 51 - سان

2000 - يىللىق
2 - سان

مەسلىھەتچىلەر
ئۇيغۇر سايرانى
ئىمىن تۇرسۇن
تۇرمۇھەممەت دۆلەتى

باش مۇھەررىر: سابىر ئەلى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
غوپۇر هوشۇر نىيازى
ئابدۇرۇپ ئېلى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابدۇقېيۇم خوجا، ئابلەت نۇردۇن، ئابلەت ئىمىن، سابىر ئەلى، غوپۇر هوشۇر نىيازى، غوجائەخمەت يۇنۇس، قادىر هاپىز، قاسىم خوجا، قۇربان مامۇت

مەسئۇل مۇھەررىر:
ئابلىز ئۇرخۇن

# مۇندەرىجە

## ھۆججەتلەر

ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2000 - يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ........................ 1

## خىزمەت تەتقىقاتى

تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا ...... مەرھابا شاۋۇدۇن 4
يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا .... ............................ بېلىقىز مۇھەممەت 6

## تارىخ سەھىپىسىدە

1930 - يىللاردىكى ئۆزبېك قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ... ........................ مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى 10
قەشقەردىكى يېڭىلىقتا كۆچۈش ھەرىكىتى ........................ ئوئىشى شىنچىرۇ (ياپونىيە) 20
خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى .................. ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 34
شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مەتبەئەچىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزدىنىش ........................ پولات ھىمىت 43

## ئىلمىي مۇھاكىمە

«چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانىغا يوشۇرۇنغان تارىخ .................. ........................ ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى 45

## مەشھۇر شەخسلەر

ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللار ......... ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ 49

## شىنجاڭدىكى كەسپلەر

ئەنئەنىۋى تۈگمەن ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى .............. توختى داۋۇت 53

## جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى

Ⅱ باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ — چيەنلۇڭ خاننىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش سىياستى ........................ 55

# ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 2000 ـ يىللىق خىزمەتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

2000 ـ يىلى — ئەسىر ئالمىشىدىغان يىل، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن بەلگىلىگەن غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلىدىغان 1 ـ يىل، شۇنداقلا 9 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە كۆزلەنگەن ئاساسلىق كۆرەش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئاخىرقى يىل، بۇ يىلدىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىمىز ئىنتايىن ئېغىر. ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق تەزكىرىچىلەر چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ 9 ـ بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010 ـ يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېرىشىپ تېزلىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن 2000 ـ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويىمىز:

**1. تەزكىرىچىلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش**

1) دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي پروگراممىسىنى ئۆگىنىش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك سىستېمىسىدا ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، كەڭ تەزكىرىچى خادىملارنىڭ سىياسىي نەزەرىيە سەۋىيىسىنى، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، قەتئىي، توغرا سىياسىي نىشاندا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش لازىم.

2) ئاپتونوم رايون بويىچە تەزكىرىچىلەر ئارىسىدا شىنجاڭ تارىخى، مىللەت، دىن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەزكىرىچى خادىملارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم.

3) كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئىدىيىۋى ـ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئورگان پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم. ئورگاننىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، جان ـ دىل بىلەن ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش لازىم.




**2. تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش**

1) 2000 ـ يىلى 26 تەزكىرە كىتابىنى تەكشۈرۈپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بېكىتىش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش پىلانلاندى، بۇلار: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» جۈملىسىدىكى كەسىپلەر تەزكىرىسى 11: «خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى»، «تاموژنا تەزكىرىسى»، «تىل - يېزىق تەزكىرىسى»، «ئاشلىق تەزكىرىسى»، «كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى»، «پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى»، «ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەزكىرىسى»، «كادىرلار تەزكىرىسى»، «مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى»؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى 11: «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ساۋەن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «لوپ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «فۇكاڭ ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «دۆربىلجىن ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تولى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «قەشقەر شەھىرى تەزكىرىسى»، «نىلقا ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «پىچان ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «ئۈرۈمچى ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «تۇرپان شەھىرى تەزكىرىسى»؛ ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىدىغان تەزكىرە كىتابى 4: «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى»، «قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى تەزكىرىسى»، «كورلا شەھىرى تەزكىرىسى»، «چاقىلىق ناھىيىسى تەزكىرىسى».

2) تەزكىرىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈشنىڭ تەييارلىق خىزمىتى بىلەن يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش لازىم. تەزكىرە كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ بولغان ئورۇنلار تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈلىدىغان تەزكىرىلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى لايىھىلەش، ماتېرىيال توپلاش ۋە باشقا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلىشى لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇزاكىرىگە سۇنۇلىدىغان «‹شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى› نى داۋاملاشتۇرۇپ تۈزۈش لايىھىسى (دەسلەپكى لايىھە)» نى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن تۈزۈپ چىقىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئالماقچى.

يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى مۇشۇ يىلى بىر توم يەرلىك تارىخنى نەشردىن چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۈلگە بىلەن تەمىنلىمەكچى. يەرلىك تارىخ يېزىش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كېيىنكى يېرىم يىلدا بىر قېتىم يەرلىك تارىخ يېزىش مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىدۇ.

3) تەزكىرە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىم. جايلار تەزكىرىنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ چارە ۋە يوللىرى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تەزكىرىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى ئاكتىپ رولىنى ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشى لازىم. كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ تونۇلۇش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

4) «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن بۇرۇن، ئۇيغۇرچىسى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن نەشردىن چىقىدۇ؛ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى ۋە خەنزۇچىسى ۋاقتىدا نەشردىن چىقىرىلىدۇ.

5) تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى ۋە تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ. تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى تەزكىرىچىلىك ئىلمىي پائالىيىتى ۋە نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرىدۇ. ئالدىنقى يېرىم يىلدا تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى ئىلمىي ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە باھالاش پائالىيىتى تاماملىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، كېيىنكى يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ.

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا نەزەرىيىۋى بەس - مۇنازىرە سەھىپىسى ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى جانلاندۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەزكىرە ئوبزورچىلىقى

پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭىدىن تۈزۈلگەن تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلىدۇ.

**3. ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنى ئېچىش قولغا كەلتۈرۈلىدۇ**

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتى بىرقەدەر ئاستا، 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» جۈملىسىدىكى ھەرقايسى كەسىپلەر تەزكىرىسىدىن 35 توم نەشر قىلىنىپ، پىلاننىڭ %40.7 ى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسىدىن 50 توم نەشر قىلىنىپ، پىلاننىڭ %45.9 ى؛ تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى تەزكىرە كىتابى 15 توم بولۇپ، پىلاننىڭ %8 ى ئورۇندالدى. تەزكىرە تۈزۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، مۇۋاپىق پەيتتە ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ قېتىملىق تەزكىرىچىلىك خىزمىتى يىغىنى ئاچماقچى.

**4. تەزكىرىچىلىك قوشۇنى قۇرۇلۇشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىدۇ**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، تەزكىرىچى خادىملار ئارىسىدا يېڭىلار بىلەن كونىلار ئالمىشىۋاتقان، تەزكىرىچىلەرنىڭ بىلىمىنى يېڭىلاش زۆرۈر بولۇۋاتقان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، تەزكىرىچىلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلارنى يېڭى دەۋردىكى خىزمەت ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇشۇ يىل ئىچىدە تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانا مۇدىرلىرى، باش مۇھەررىرلىرى كۇرسى ئېچىشنى پىلانلىدى.

**5. جۇڭگو تەزكىرە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مۇشۇ نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئۈچۈن مۇشۇ يىل ئىچىدە مەملىكەتلىك تەزكىرىچىلىك تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچماقچى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز تورلۇك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، تەجرىبە يەكۈنلەنگەن مۇئەييەن چوڭقۇرلۇققا ئىگە ماتېرىيالدىن 2 — 3 پارچە تەييارلاش ئۈچۈن تىرىشىمىز**

**6. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلىدۇ**

ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئورگان پارتكومى ئورگان بويىچە «مەدەنىي ئورۇن»، «مەدەنىي ئورگان» بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ، ئورگاندىكى بارلىق خادىملار 10 ماددىلىق ئۆلچەم بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، ئېسىل ئوبراز تىكلەش، گۈزەل مۇھىت يارىتىش پائالىيىتىنى ئۇقتىلىق ياخشى تۇتۇشى، شۇ ئارقىلىق پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ۋە ئورگاننىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش خىزمىتى تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلىپ قانات يايدۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايوندىكى تەزكىرىچىلەرنىڭ تەنقىد قىلىشى ۋە نازارەت قىلىشى قارشى ئېلىنىدۇ.

**7. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلىدۇ**

2000 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى پىلانلىق ھالدا بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەرگە ۋە نازارەت ـ ئىدارىلەرگە بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، كەسپىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە يولۇققان ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىپ، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى**
**2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى**

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

# تەزكىرە كىتابلىرىدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا

مەرھابا شاۋۇدۇن

(ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىدىن)

تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەزكىرىچىلىك خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسىم شۇنداقلا تەزكىرىچىلىكتىكى مۇھىم ھالقا.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى، 80 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈش باشلىنىپ تاكى ھازىرغىچە ئۆلكە، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك تەزكىرىدىن 4000ى نەشر قىلىندى. ئۆلكە دەرىجىلىك يەرلىك ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي خەت سانى 100 مىليارتتىن ئارتۇق. ئۈچ دەرىجىلىك تەزكىرە كىتابلىرىدىن باشقا كەسپىي تەزكىرە، يېزا ـ بازار تەزكىرىسى، زاۋۇت ـ كان تەزكىرىسى، تەزكىرە ژۇرناللىرى قاتارلىق تەزكىرە كىتابلىرى ۋە تەزكىرىچىلىككە ئائىت خىلمۇ خىل ماتېرىياللار، ژۇرناللار ناھايىتى كۆپ، بۇلارغا تەزكىرىچى خادىملارنىڭ جاپالىق قان تەرى سىڭدۈرۈلگەن.

تەزكىرە تۈزۈشتىكى مەقسەت پەقەت تارىخنى ساقلاپ قېلىشلا بولماستىن، بەلكى ئۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر، ئەگەر تەزكىرە نەتىجىلىرى ئاچقىلى، ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولمايدىغان بايلىققا ئايلىنىپ، كۆمۈلۈپ قېلىپ كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ پايدىلىنىش قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تەزكىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئوقۇپ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بۇ زور بايلىق ئامبىرىنى ئۈزلۈكسىز قېزىپ پايدىلانغاندىلا، ئاندىن تەزكىرە كىتابلىرىدىكى بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇرغىلى، ئۇنى تەشۋىق قىلىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتۈرگىلى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشتىكى ئۇلۇغ تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلغىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ، خىزمەتنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى تەزكىرە تۈزۈشتىن تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا يۆتكەلدى. تەزكىرىدىن پايدىلىنىش ھەرىكىتى كۆپىنچە رايونلاردا ۋە تارماقلاردا تېخى تولۇق باشلانمىدى، بۇ جەھەتتىكى قىزغىنلىق جەمئىيەتتە تېخى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگىنى يوق. تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرىنى باھالاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش پەقەت تەزكىرىچىلىك ساھەسى ئىچىدىلا بېكىنىپ قېلىۋاتىدۇ. بەزى تەزكىرىچى خادىملار پەقەت باش چۆكۈرۈپ تەزكىرە ئىشلەشنىلا بىلىپ، قانداق قىلغاندا ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. تەزكىرە



كىتابلىرىنى ئامبارغا سولاپ قويىدۇ، ئۆزىنى خۇددى چوڭ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان تەزكىرە كىتابلىرى قىممەتلىك بۇيۇم بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا چاشقاننىڭ يېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق يامان خاراكتېرلىك ئايلىنىش تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىگە، ھاياتىي كۈچىگە ۋە قىممىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بىز ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تەزكىرە تۈزۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ چىقىش يولى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن كارى بولمايدىغان كونا ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرنى چۆرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك.

ھازىرقى جەمئىيەت ئۇچۇرلاشقان جەمئىيەت، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش كۆلىمى كېڭىيىپ، ئالماشتۇرۇش شەكلى خىلمۇ خىل ئۆزگىرىپ تۇرماقتا. سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئەنئەنىۋى كونا تەزكىرىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا دۇنياغا كەلگەن. شۇڭا قولىمىزدىكى ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، «ئۆلۈك» ماتېرىيالنى «جانلىق» ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

تەزكىرە كىتابلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كىشىلەردە پارتىيىنى سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈشتىن ئىبارەت گۈزەل پەزىلەت يېتىلدۈرەلەيدىغان زور ئىقتىدارغا ئىگە. ھازىرقى جەمئىيەتتە خىلمۇ خىل زامانىۋى يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش شەكلى بار، ئەمما يېڭى تۈزۈلگەن تەزكىرىلەر ئىلمىي، تەپسىلىي ماتېرىياللار ۋە ئالاھىدە مىساللار بىلەن ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ، شۇڭا تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەربىر ئادەمگە تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك، تەزكىرىچى خادىملار بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تەزكىرە تۈزۈش، تەزكىرە كىتابلىرىنى تەشۋىق قىلىش تەزكىرىچى خادىملارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي ۋەزىپىسى.

تەزكىرىچىلەر ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان نۇرغۇن يېڭىچە ئۇسۇللارنى يىغىنچاقلىدى. مەسىلەن: تارقىتىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا تەقدىم قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى كۆپەيتىپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىشقا ياخشى ئاساس سېلىش؛ تەزكىرە كىتابلىرىدىكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، تېلېۋىزىيە تىياتىرى، ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەش ياكى گېزىت - ژۇرناللاردا ماقالا ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت كەڭ تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى كۆپەيتىپ تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرگە تەزكىرىنى چۈشەندۈرۈش؛ تەزكىرىچىلىككە ئائىت مۇكاپاتلىق زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى كۆپەيتىپ، تەزكىرىدىن پايدىلىنىشنى مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش بىلەن زىچ باغلاش؛ تەزكىرە كىتابلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، تەزكىرە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش؛ شارائىتى بار جايلار تەزكىرە سارىيى سېلىش؛ تەزكىرە كىتابلىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈپ، شۇ جاينىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەننى، يۇرتنى سۆيۈش ئېڭىنى ئاشۇرۇش؛ ئېلېكترونلۇق نەشر قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تەزكىرە كىتابلىرىنى تورغا كىرگۈزۈش قاتارلىق يېڭى شەكىللەرنى قوللىنىش ئارقىلىق تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى كۆپەيتىش، تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ۋەھاكازالار.

ئەلۋەتتە، تەزكىرىدىن ئوبدان پايدىلىنىش ئۈچۈن تەزكىرىنى ياخشى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ،

(ئاخىرى 9 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

بېلىقىز مۇھەممەت

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى توغرا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش مۇھىم بىر ھالقا. بۇ تەزكىرە تۈزۈش باشلانغاندىن تارتىپلا تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان مەسىلە، شۇنداقلا ئۇ تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتىنىڭ ئەكس ئېتىشى ۋە ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. تەزكىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە ئۇنى تەزكىرە كىتابلىرىغا باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈش - سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردە كەم بولسا بولمايدىغان مەزمۇنلارنىڭ بىرى. يەرلىك ئالاھىدىلىك جۇغراپىيىۋى شارائىت، شۇنداقلا شۇ رايوندىكى خەلق ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا، قىسقىسى پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن، شۇ رايونغىلا خاس بولغان تۇرمۇش ئادىتىدىن ئىبارەت. بىز تەزكىرىگە يەرلىك ئالاھىدىلىك قاتارىدا كىرگۈزگەن تۇرمۇش ئادىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەر شۇ رايونغىلا خاس بولۇشى كېرەك. يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەندە ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىقنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش، ئومۇمىيلىقتا ئىگە نەرسىلەرنى خاسلىق قىلىپ يېزىپ قويماسلىق كېرەك.

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مىللىي ئالاھىدىلىك — مەلۇم بىر مىللەت خەلقى مۇئەييەن بىر رايوندا جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ ياراتقان تۇرلۇك ئۆرپ - ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن بىر تارىخىي شارائىتتا، ھەرخىل رايونلاردا ياشاۋاتقان بىر مىللەت خەلقىگە ئورتاق بولىدۇ.

تەزكىرە كىتابلىرىدا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرمەسلىك ياكى ئۇنى يېتەرلىك گەۋدىلەندۈرمەسلىك تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئانچە يۇقىرى بولماسلىقىدىكى بىر سەۋەب.

تەزكىرە كىتابلىرىدا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. ماتېرىيالنى تولۇق ئىگىلەپ، پاكىتلارنى توغرا سېلىشتۇرۇپ، ماتېرىياللارنى تاللاپ مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك**

يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر جاينىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىللىق بىلەن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك، تەتقىقات جەريانىدا توغرىسىنى، ياخشىسىنى تاپقاندىلا، ئاندىن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، سېلىشتۇرمىغىچە پەرقىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ھۆكۈم قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئىگىلىشىدىكى تۈپ ئۇسۇل. بىز مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندىلا، ئاندىن تەزكىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىك-نى گەۋدىلەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز، چۈنكى بىز تەزكىرىگە كىرگۈزمەكچى بولغان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان رايونلار ئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ پەرقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقالايمىز. مۇشۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ سۈپىتى تەبىئىيكى يۇقىرى بولىدۇ.

(1) ماتېرىيال چوقۇم توغرا، ئوبيېكتىپ بولۇشى كېرەك.

تەزكىرىدە يالغۇز ماتېرىيال سىستېمىلىق، ئەتراپلىق بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماتېرىيال توغرا، ئوبيېكتىپ، خاسلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىدا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ئاساسى ماتېرىيال توپلاش جەريانىدىن ئىبارەت، تەزكىرە تۈزگۈچى يولداشلاردا چوقۇم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، ئۆزگىچە ماتېرىياللارنى تاللاشتا «ئۆتكۈر كۆز» بولۇشى، ماتېرىياللارنى ئىشلىتىشتە «گۇمانىي» قاراشتا بولۇشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. بۇرۇنقى ئارخىپ - ماتېرىياللارنى چوقۇم ئەستايىدىل دەلىللەش، پاكىتلارنى قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش، ھەرگىزمۇ ئارخىپتا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى توغرا، ئىشەنچلىك دەپ قارىماسلىق، ئۇنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قويماسلىق كېرەك، گېزىت - ژۇرناللاردىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنىمۇ چوقۇم ئانالىز قىلىش، سېلىشتۇرۇش، ساختىسىنى چىقىرىۋېتىپ، توغرىسىنى ساقلاپ قېلىش، خاتا بولۇپ قالماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «ئاغزاكىي» ماتېرىياللارنى ئادەم تەشكىللەپ تەھقىقلەش، دەلىللەش، ئىسپاتلاش، ماتېرىياللارنى ئەستايىدىللىق، ئىنچىكىلىك بىلەن بېكىتىش، يەنە نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈپ، ماتېرىياللارنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تەزكىرە كىتابلىرىدا ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئاساسىي ئەھۋاللارنى، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا، ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ، تەزكىرە كىتابى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

(2) تەزكىرىگە كىرگۈزۈلگەن ماتېرىياللار چوقۇم مۇۋاپىق، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ماتېرىيال تاللاپ ئىشلىتىشتە تۈرلەرنى كەم قىلماسلىق، باش ئايىغىنى ئۈزۈپ قويماسلىق، ماتېرىياللارنىڭ مول، ئەينەن، ئوبيېكتىپ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى تەلەپ ماتېرىياللارنىڭ «مۇۋاپىق»، «پايدىلىنىش قىممىتى»گە ئىگە بولغانلىقىدا. مۇشۇنداق بولغاندا جايلار ئەھۋالىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرگىلى، ئالاھىدىلىكىنى، ئەۋزەللىكىنى يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

## 2. يەرلىك ئالاھىدىلىكنى قېزىپ چىقىپ، دەۋر قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك

(1) بايان قىلىشتا خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈش، خاسلىق مۇئەييەن چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك.

چوڭقۇرلۇق — مەسىلىلەرنى قاتلاممۇ قاتلام ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت، يەنە كېلىپ تەزكىرە كىتابلىرىدا يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى مۇھىم ئۇسۇل.

ھازىر تۈزۈلۈۋاتقان سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، شەھەر (ناھىيە) لەر بىرلىك قىلىنىدۇ. شۇڭا بىز تەزكىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەندە مۇشۇ ئۈچ دەرىجە بويىچە ھەر بىر مەمۇرىي بىرلىك

ئىچىدە ئومۇملاشقان ئالاھىدىلىكلەرنى تاللاپ، باشقا جايلاردىكى شۇ خىل ئالاھىدىلىك بىلەن سېلىشتۇرۇپ، روشەن پەرقنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى شۇ مەمۇرىي بىرلىكنىڭ تەزكىرىسىگە يەرلىك ئالاھىدىلىك قاتارىدا كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئەگەر ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) دائىرىسىدە ئومۇملاشمىغان، پەقەت يۇقىرىدىكى مەمۇرىي بىرلىكلەر ئىچىدىكى مەلۇم بىر رايوندا بار ئالاھىدىلىك بولسا، ئۇنى يۇقىرىدىكى ئۈچ دەرىجىلىك مەمۇرىي بىرلىكنىڭ بىرەرسىگە ئورتاق يەرلىك ئالاھىدىلىك قىلىپ يېزىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەزى يەرلىك ئالاھىدىلىك ئاپتونوم رايون بويىچە، بەزىلىرى ناھىيە (شەھەر) بويىچە ئومۇملاشقان بولۇشى، بەزىلىرى بىر نەچچە ۋىلايەت (ئوبلاست) بويىچە، بەزىلىرى پەقەت بىرەر يېزا ياكى بىرەر كەنت بويىچە ئومۇملاشقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۈچۈن بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن سېلىشتۇرۇش شەكلىدىن ماھىرلىق بىلەن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەممىگە ئورتاق ئالاھىدىلىك بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، تەزكىرىدە ئۇلارنى مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ھەر قايسى رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان خەلقلەر، ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا يارىشا، ئۆزگە خاس ئۆي - ئىمارەت شەكلىنى ئىجاد قىلغان. ئالايلى، ئاقسۇ، قەشقەرلەردە ئۆينىڭ تېمى چالمىدا ئېتىلىدىغان ئەھۋال بىر قەدەر گەۋدىلىك. شىمالدىكىدەك كېسەك قويۇپ ئۆي سالىدىغان ئادەت ئانچە كۆپ ئەمەس، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ يېپىلىشىمۇ شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ روشەن پەرقلىنىدۇ. تەزكىرىدە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بۇ جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ مېمارچىلىق سەنئىتى تەزكىرىدە نىسبەتەن مۇكەممەل، ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمىسە، يىللارنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارغا خاس ئەنئەنىۋى مېمارچىلىق سەنئىتى ئۈزۈلۈپ قېلىشى، يوقاپ كېتىشى، ھەتتا باشقا مىللەتنىڭ نەرسىسىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ھەم شۇنداق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ تۈردىكى مەزمۇنلارنى مۇناسىپ قىسىم، باب، پاراگرافلاردا مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا تەزكىرىنىڭ تارىخنى ساقلاش ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە شۇ جايغا خاس ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇنداق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بەك ئاددىي، بەك تومتاق تونۇشتۇرۇپ قويۇلسا، يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنمەيدۇ. مەسىلەن: ئىلىنىڭ ئالمىسى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، ئاقسۇنىڭ گۈرۈچى شىنجاڭدا ۋە چەت ئەلدە خېلى داڭق چىقاردى. ئەمما بۇ مېۋىلەرنىڭ شۇ جايدىن چىققانلىقى يەرلىك ئالاھىدىلىك ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىقى مېۋىلەر، ئاساسەن شىنجاڭنىڭ كۆپىنچە جايلىرىدىن چىقىدۇ، بۇ مېۋىلەرنىڭ سورتى ۋە يىللىق مەھسۇلاتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار ھەقىقىي يەرلىك ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر مەسىلە ئۆرپ - ئادەتنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، ھەر قايسى مىللەتلەر ناھايىتى تارقاق ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن مەرىكىسى، ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىغا قاراپ روشەن پەرقلىنىدۇ. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەر ۋە يېزىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ روشەن پەرق

مەۋجۇت. يەنە تەزكىرە كىتابلىرىمىزدىكى «يەرلىك شىۋىسى» دېگەن باب، پاراگرافلاردا قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك شىۋىلەرنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىش ھەرگىزمۇ يۈزەكىلا يېزىپ قويماسلىق كېرەك. بىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، باشقا جايدا بولمىغان، ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەرنى ئىمكانقەدەر تولۇقراق ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا تەزكىرىنىڭ يەرلىك تۈسىنى ئاشۇرالايمىز.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، نوپۇسى تارقاق. بوستانلىق بىلەن چۆللۈك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئوخشىمايدۇ. تەزكىرە كىتابلىرىدا مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر قاتلاملىق خاسلىققا ئىگە مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىلا، ئاندىن تەزكىرە كىتابلىرىمىزنىڭ مۇلازىمەت فۇنكسىيىسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش فۇنكسىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

(2) بايان يىغىنچە، جانلىق بولۇشى كېرەك. تەزكىرە كىتابلىرىنىڭ بايانىدا شەيئىلەرنى ئوبيېكتىپ ھالدا توغرا تەسۋىرلەش، نېمە بولسا شۇنى دېيىش تەلەپ قىلىنىسىمۇ، لېكىن ھەممە نەرسە ئوخشاش يېزىپ قويۇلسا، ئۇنىڭدا جانلىقلىق كەمچىل بولسا، ئوقۇرمەنلەرگە قۇرۇق، تېتىقسىز بىر نەرسىدەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. بىز تەزكىرە كىتابلىرىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلىپ، ئۇنى يىغىنچە، تەسىرلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تىلىغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، جانلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، بىزدە تەزكىرىگە بېغىشلانغان قىزغىن قەلب ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىلا بولىدىكەن، چوقۇم تەزكىرىلىرىمىزدە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئەينەن، توغرا، كونكرېت، چوڭقۇر، روشەن، ئىلمىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەزكىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيمىز.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

---

(بېشى 5 - بەتتە)

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەزكىرىچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ساپاسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈشى كېرەك. تەزكىرىدىن پايدىلىنىشتا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە، رىغبەتلەندۈرۈشىگە ئېرىشىش زۆرۈر. تەزكىرە يەرلىك ئەھۋالىنى، دۆلەت ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كىتاب بولغاچقا، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەزكىرىچىلىك ساھەسىدىكى خىزمەتداشلارنىڭ يېپيېڭى ئېچىۋېتىش ئېڭىغا، كۈچلۈك بازار ئېڭىغا ئىگە بولۇشى، رىقابەتلىشەلەيدىغان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى بىز پەقەت دەۋرنىڭ خاتىرىلىگۈچىسى بولۇپلا، قالماي يەنە مۇشۇ دەۋرنىڭ ياراتقۇچىسى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1930 - يىللاردىكى ئۆزبېك قوشۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى

XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن ئەسلىمىلەر

مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى

## 1

1933 - يىلى 1 - ماي قىرغىز ئوسمان ئالى باشچىلىقىدىكى قىرغىز، ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقىدىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلار تۇڭگان ماشاۋۋۇغا قارشى قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان كۈنى شەھەردە ئۆزبېك قوشۇنى تەشكىللەندى، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى شەھەر سېپىلىنى قوغداش بىلەن بەنت بولغاچقا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەھەر كۆكۈللۈك (پىدائىي) لىرى جۇملىدىن ئۆزبېكلەر يامۇل بىلەن سېپىل ئارىلىقىدىكى يوللاردا تۇرۇۋېلىپ ئالاقىچى چېرىكلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ قورالغا ئىگە بولدى.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئامانلىق ساقلاش قوماندانى ما شاۋۋۇنىڭ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قىلغان چوڭ تەييارلىقى شۇنچە كۈچلۈك قورالغا ئىگە چېرىكلەرنىڭ تۆت سائەتكە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى بىلەن يوققا چىقىپ قەشقەر شەھىرى قولدىن كەتتى.

ئۆزبېكلەر سېپىلدىن قېچىپ چۈشكەنلەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ خېلىلا قورالغا ئىگە بولۇشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت قوشۇنىنىڭ ئاساسىي بازىسى بولغان يۇملاق شەھەر قورغانچىسىنى چېرىكلەر مۇداپىئە قىلىپ قالالمىغاچقا، قوزغىلاڭچىلار باستۇرۇپ كىردى، گازارمىلاردىكى چېرىكلەر قارشىلىقسىز تەسلىم بولدى. نەچچە يۈزلىگەن قورال قوزغىلاڭچىلار قولىغا ئۆتتى، بۇنىڭدىن مەلۇم ساندىكى قورال ئۆزبېكلەر قولىغا چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى قىرغىز ئوسمان ئالى قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا ئۆزبېك سېتىۋالدىجان باشچىلىقىدا ئۆزبېك قوشۇنى تەشكىل ئېتىلگەنىدى.

سېتىۋالدىجان ئەسلى مەرغىلانلىق ئۆزبېك ئەنەس ھاجىم دېگەن باينىڭ بالىسى ئىدى، ئەنەس ھاجى مۇندىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى پەرغانىدىن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى.

سېتىۋالدىجان پەرغانىدە بىر مەزگىل ئوقۇپ تەربىيە كۆرگەن بولغاچقا، مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە ئىدى، ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئوقۇپ مەلۇم بىلىم ئۆزلەشتۈرگەن ھۆر پىكىرلىكلەردىن بىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ قەشقەردە XX ئەسىردە ئۆسۈشكە باشلىغان «جەدىدچى» لەر ئېقىمى ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولغانىدى.

ئۇ روسىيە، تۈركىيىلەردىن تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللارنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇدى، بولۇپمۇ قازاندىكى تاتار ئالىملىرى يازغان ئەسەرلەرنى ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇپ، يېڭىچە پىكىر، زامانىۋى مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇپ، قەشقەردىكى جەدىدچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

قەشقەردىكى چۈشكۈن ۋەزىيەت، ئىستىبدات



ھاكىمىيەتنىڭ كەلتۈرگەن تەڭسىزلىك، زۇلۇم - ھاقارەتلىرى ئەلدە يۈز بېرىۋاتقان كەمبەغەلچىلىك، خۇراپاتلىق ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە بولغان قارشىلىقى ئۈستى ئۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىدىئولوگىيە كۇرىشى بىلەن شۇغۇللاندى. شىمالدا كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بولغانىدى.

ئۇ قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى تۇتۇرگىگە كەلگەن ھامان ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىدى. ئۇلار تۇتۇرگىدە بىر يىرىم ئايغا يېقىن تۇرغان جەرياندا كېچىلىرى چىقىپ ئوسمان ئالى بىلەن سۆھبەتلەشتى، پىكىرلەشتى، شەھەر ئىچىدىكى ئۆزبېكلەرنى ئۇيۇشتۇردى، تەشكىللىدى. . .

شۇنىڭ بىلەن مەلۇم قورال - ياراقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا ئۆزى باشلىق بولدى.

ئوسمان ئالى شەھەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەترىتىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەررۇ باش قوماندان تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈۋالدى. تۆمۈر سىجاڭ ئازكۈندىن كېيىن بۇلارنى ئۆزبېك پولكى قىلىپ تەشكىللىدى. سېتىۋالدىجان ئەنە شۇ پولكنىڭ كوماندىرى بولۇپ دەرىجىسىمۇ ئۆستى.

بۇ پولك شۇ چاغدا كۆز ئالدىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ كۆچەيدى ۋە ئابروي قازاندى، شۇ يىلى 18 - مايدا يۈز بەرگەن قىرغىز — تۇڭگان توقۇنۇشىغا قاتنىشىپ قىرغىزلارغا ياردەم قىلىپ تۇڭگانلاردىن بىر قىسىم قورالنى تارتىۋالدى، ئاز ئۆتمەي ھىمىتنىڭ سېپىدىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ يەكەن يېڭى شەھىرىگە بېكىنىۋالغان بىرنەچچە يۈز ئەسكىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ نۇرغۇن قورالغا ئىگە بولدى، كۈچى خېلى ئۆستى، نام - شۆھرەت قازاندى.

بۇ قوشۇن تەركىبىدە ئۆتمۈشتە پەرغانىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ پىشقان «باسمىچىلار» مۇ ھەتتا قۇربېشى (مىڭ كىشىنىڭ باشلىقى) ئاتالغانلارمۇ بار ئىدى.

يۇسۇپجان قۇربېشى، ئابدۇراخمان قۇربېشى، ئارىپجان قۇربېشى. . . لار ئەنە شۇلاردىن ئىدى، بۇ پولك تەركىبىدە قەشقەرلىدىن قوشۇلغان ئۇيغۇرلارمۇ مەلۇم ساننى ئىگىلەيتتى.

## 2

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردىكى ئاتالمىش باش قوماندان تۇڭگان ما جەنساڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن 1933 - يىلى 8 - ئاۋغۇست (چارشەنبە) كۈنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. باشقىلارنىڭ بىخۇتلۇقىدىن پايدىلانغان تۇڭگانلار قەشقەر كونا شەھىرىنىمۇ ئىشغال قىلىۋالدى.

دەل بۇ چاغدا سېتىۋالدىجان بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئېلىپ خوتەنلىكلەرنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا كەتكەنىدى. يۇسۇپجان قۇربېشى ئۆز شتابى بولغان ياۋاغدىكى سودا سارىيىدا ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ئولتۇراتتى. تۇڭگانلار ئۇشتۇمتۇت شەھەرنىڭ دەرۋازا ۋە سېپىللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، بۇ سارايغا تەھدىت سالدى.

بۇ ساراي سېپىلغا تۇتاش بولغاچقا، خەتەرلىك ئىدى. ئۆزبېكلەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ شەھەردىكى باشقا قوشۇنلىرىغا ئوخشاش ھەممە نەرسىلىرىنى تاشلاپ كەتمەي، بىقىنىدىكى سارايلاردىكى سودىگەرلەرنىڭ تايلاپ قويغان يۈكلىرىنى تۇپلاپ دالدا قىلىپ تۇرۇپ سېپىلدىكىلەرگە قارشى تۇردى.

بۇلار بىر تەرەپتىن ئېتىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق نەرسىلىرىنى يۆتكەپ قاراڭغۇ چۈشكەندە كېچىلەپ توشۇپ كەتتى ۋە قۇرۇق سارايىنى تۇڭگانلارغا قالدۇرۇپ قويدى.

بۇلار شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قورغان تەرەپكە سۈرۈلۈپ چىقىپ ئاپپاق خوجا مازىرى ئەتراپىدا تۇرۇپ، شەھەرگە تەھدىت سېلىشقا باشلىدى، تۇڭگان قوشۇنلىرى بۇلارنى يوقىتىشقا جازا ئەترىتى چىقاردى.

بۇلار ھەزرەت يولىدىكى تاختا كۆۋرۈككە بارغان ھەتتا تۇرپان كوچىسى دېگەن جايغا كېلىپ ھەيۋە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلەن زەمبىرەكلەرنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپنى ئۆچتىرالمىدى. ئۇلار ھەتتا مازار ئىچىگە قەدەر باستۇرۇپ كىرگەندىمۇ ھېچكىم قارشى چىقمىغاچقا، دۈشمەنلەر بىزدىن قورقتى بولغاي، دەپ ئىچكىرىلەپ كىردى.

ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى تۆت تەرەپلەپ قورشاپ شۇنداق ئەپلىدىكى، ئۇرۇشقا چىققىنىنىغا تويغۇزىۋەتتى. نەتىجىدە تۇڭگانلار نۇرغۇن جەسەتنى قالدۇرۇپ ئازغىنە ئادىمى بىلەن بۆسۈپ چىقىپ قۇتۇلدى.

قىرغىز ئوسمان ئالىنى باش قوماندان قىلىشقان ئۇيغۇر - ئۆزبېك قوشۇنى قىرغىز قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە كونا شەھەرنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىن تەڭلا تۇڭگانلارغا ھۇجۇم قىلدى. 15 - ئاۋغۇست (چارشەنبە) كۈنى تۇڭگانلارنى كونا شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. تۇڭگانلارمۇ قاتتىق بىر كۈنلۈك سوقۇشتا نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ، ئاقسۇۋەت شەھەرنى تاشلاپ شەھەر دەرۋازىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئەپلىك يەردە كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۆزبېك قوشۇنى ئۇلارنى ئۈجمە تۆككەندەك تۆكۈپ تاشلىدى. پەقەتلا ئەجىلى پۈتمىگەن ئاز ساندىكىلىرى قۇتۇلۇپ يېڭى شەھەرگە چىقىپ كەتتى. بۇ قوشۇن يەنە بۇلارنىڭ قالدۇرغان ياخشى قوراللىرى بىلەن قوراللىنىپ كۈچىگە يەنىمۇ كۈچ قوشتى.

ئۇرۇش جىنايەتچىسى ما جەنساڭنى يوقىتىش ئۈچۈن يېڭى شەھەرنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا شۇ كۈندىن باشلاپ يېڭى شەھەر ئۇرۇشى باشلاندى. ئۆزبېك قوشۇنى يېڭى شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ناچۇق» تەرەپكە ئورۇنلاشتى. ئاز كۈن ئۆتۈپلا خوتەن ئۇرۇشىدىن قايتىپ كەلگەنلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭى شەھەردىكى زىخۇيچىلارنى يوقىتىش جېڭىگە ئاتلىنىپ كىرىشىپ كەتتى.

ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى 3 -، 4 - ھەپتىسى قوزغىلاڭچىلارغا ۋەزىيەت ئىنتايىن ياخشى بولدى. ما جەنساڭ گۇرۇھى ئاساسەن يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلانغانىدى، بولۇپمۇ سىتۇۋالدىجاننىڭ قوشۇنى زىخۇيچىلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ كەلگەن بولغاچقا، شىمالدىكى لىنىيىسىنى تۇڭگانلار زور كۈچ بىلەن ساقلاشقا مەجبۇر بولغانىدى.

شەرقىي لىنىيە بىلەن جەنۇبىي لىنىيە تەرەپتىكى ھەمدەم بەگ ھاجى، ھاپىز لۈيجاڭ، توختى تۇەنجاڭلار قوماندانلىقىدىكى تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنلىرىمۇ زىخۇيچىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانىدى.

يېڭى شەھەر ئۇرۇشى ئالتە ئايلاپ سوزۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشىغا: ما جەنساڭ قولىدىكى يېڭى شەھەردە تۇڭگان، خەنزۇ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، قارشى تەرەپتە بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنىڭ يوق بولۇشى، باشباشتاقلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ھوقۇق تالىشىشنىڭ كۈچىيىشى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىرادىسىزلىك، نىيەت ئالىلىق، شۇنىڭدەك ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ئالدىنىشنىڭ ئېغىر بولغانلىقى ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىشىغا ئېلىپ بارغانىدى.

نەتىجىدە بىھۇدە قۇربان بېرىشلەر كۆپ بولدى، خەلق ئاممىسى ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارغا كۆپ ئۇچرىدى.

ئۆزبېكلەرمۇ قىرغىز پانسادلىرىغا ئوخشاش بارا - بارا چىرىكلىشىپ، ئۇرۇشنى جان بېقىش يولى قىلىۋالغانىدى. چۈنكى ئۇرۇش تۈگىسە خەلقتىن ئالۋان قىلىپ ئالىدىغان ئۇن - گۈرۈچ، قوي - كالا، تەڭگە، يامبۇ. . . توختاپ قالاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇش باھانىسى بىلەن خەلقنى قىيىنىغانىدى.

ئۇلار كۈندۈزلىرى ئۇرۇشۇپ قويۇپ كېچىلىرى ئوۋەتلىشىپ بەزمە قىلىپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇرۇشنى تاماشىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى.

ئۆزبېك قوشۇنىدىكى چىرىكلىك چېكىگە يېتىپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن سىتۇۋالدىجان قوشۇن رەھبەرلىكىدىن ئېلىپ تاشلاندى، يۈسۈپجان قوربېشى ھوقۇقنى تارتىۋالدى.

يۈسۈپجان دەسلەپتە ھەربىر ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكتىن، قەشقەر خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ شەھەر كوچىلىرى-

دىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ قامەتلىك بوي - بەستى، ئۇستىخانلىق گەۋدىسى، يارىشىملىق شاپ بۇرۇتى، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى، ئارغىماق ئات ئۇستىدە باتۇرانە ئولتۇرۇشى كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۇرەتتى، ئۇنىڭ قالپاقلىق، شاپ بۇرۇتلۇق ئەسكەرلىرى ھەيۋەت، ھەشەم بىلەن ئۇنىڭ ئالدى - ئارقىسىدا ئاتلىق ماڭغاندا ھەممە قاراپ قالاتتى.

ئەپسۇسكى، يېڭى شەھەر ئۇرۇشىنىڭ يېرىمىدا ئۇ راستىنلا «ھېرىپ قالغان» ئىدى. ئۇ بۇرۇن شىمالىي فرونتتىكى زىخۇيچىلارنىڭ «ئەزرائىلى» بولۇپ ھېساپلانغان بولسا، كېيىنكى كۈنلەردە «ئۇلارنىڭ دوستى» بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ پىچىرلاشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ بۇرۇن خەن دارىنغا ئەسكەر بولغاچقا، «بۇرۇنقى خوجايىنى» نىڭ «مەرھەمەتلىرىگە يەنە بىر قېتىم ئېرىشكەن» . يېڭى شەھەر مۇھاسىرىسىدە تۇڭگانلارنىڭ ئاشلىقى تۈگىگەن يامان چاغلىرىدا ئۇلارنى يۇسۇپجان «ئاشلىق بىلەن تەمىنلىگەن» ئىدى. دېمەك، بۇرۇن داۋاملىق شىمالىي سەپنى قورقۇنچلۇق دەپ ھېسابلاپ كەلگەن زىخۇيچىلار كېيىنكى كۈندە ئۇ تەرەپكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولدى. ئۆزبېكلەرنىڭمۇ خاتىرجەملىكنى ساقلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ قالغانلىقى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىسپاتى ئىدى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا قىرغىز ئوسمان ئالى باش قوماندانلىقتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۇنى يۇسۇپجان قۇربېشى تاغدىن تۇتۇپ كەلدى.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا 1933 - يىلى 12 - نويابىردا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، يۇسۇپجان بۇ ھۆكۈمەتنىڭ گارنىزۇن قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، دەرىجىسى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇردىن تەركىب تاپقان بىر پولك قوشۇنىنىڭ ئېتىبارىمۇ شۇ دەرىجىدە ئۆسكەنىدى.

يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى شەھەر ئۇرۇشى يېڭىباشتىن ئەۋج ئالدى. باشباشتاق زىخۇيچىلار بارا - بارا تىزگىنلەندى. بەختكە قارشى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كەلگەچكە، خوجا

نىياز ھاجى قەشقەرگە كېلىپ يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلالماي، ئاقىۋەت قەشقەر شەھىرىنىمۇ بوشىتىپ بەردى. يېڭى شەھەر مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. خوجا نىياز ھاجى تۇڭگان ما فۇيۈەننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۆزبېك قوشۇنىنى يېڭى قورallar بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتكەنىدى. يۇسۇپجان بۇرۇن تۇڭگان قوشۇنلىرىغا سەل قاراپ خوجا نىياز ھاجىنىڭ قېچىپ كېلىشىنى مەسخىرە قىلغان بولسىمۇ، پەيزاۋاتنىڭ شاپتۇل ئەتراپىدا تۇڭگانلار بىلەن تۇتۇشۇپ بەرداشلىق بېرەلمەي قايتىپ كىرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ غورۇرى ئۆزىنى چوڭ كۆرسەتتى-دە، تۇڭگانلار بىلەن ئۆز ئالدىغا يەنە بىر قېتىم ئېلىشماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوجا نىياز ھاجىنىڭ يېڭى ھىسارغا بېرىش بۇيرۇقىنى تاشلاپ، 1934 - يىلى 28 - يانۋار كۈنى كوناشەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ يېڭى شەھەر تازغۇندىن غەربكە قاراپ يول ئالدى.

يول ئارىلاپ مېڭىپ كوناشەھەر تاشمىلىققا كەلگەندە بازا قۇرۇپ، ئادەملىرىنى بورخىتاي (بۇلاقسۇ) ، توققۇزاق، ھەتتا سەمەن رايونلىرىغىچە تارقاتتى. بۇلار تۇڭگانلارنى بۇ ئەتراپتا تۇتۇۋالماقچى بولغانىدى. ئۆزبېك قوشۇنى تۇڭگانلارنى راستىنلا بۇ ئەتراپتا بىرنەچچە قېتىم ئوبدان كۈتۈۋالدى ۋە قاتتىق ئەدەپلىدى. تۇڭگانلار تەمىنات ئېلىش ئۈچۈن دەسلەپ ئازراق كۈچىنى چىقارغان بولسىمۇ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچراپ چىقىم تارتتى. «ئوغرىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن جازا ئەترىتى» چىقارغانىدى. بۇلار يۇرت ئىچىگە كىرگەندە «ئوغرى» غا يولۇقمايتتى، ئېچكىرىلەپ بارغاندىن كېيىن ئاسماندىن چۈشكەندەك ياكى زېمىندىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۇزۇن چاپانلىقلار پەيدا بولاتتى-دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىرمۇنچە رەقىبىنى يەر چىشلىتەتتى.

بۇلار تۇڭگانلار ئۆزىنى ئوڭشاپ كۈچىنى ئىشقا سالغان ھامان كۆزدىن «غايىپ» بولۇپ، قاياققا كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، كۈچى گۇناھسىز كىشىلەرگە يېتەتتى، «ئوغرىنى ساقلىغانلىق» جىنايىتى بىلەن كىشىلەرنى ئېتىپ، نەرسە -

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېرەكلەرنى بۇلاپ شەھەرگە قايتىپ كېتەتتى.

ئۆزبېك قوشۇنى بارا - بارا شەھەر تۆۋىگە بېرىپ يالغۇز ئۆچرىغان زىخۇيچىلارنى ئاتاتتى ۋە قوراللىرىنى تارتىۋالاتتى. «باش قوماندان» مافۇيۈەننىڭ ئەسكەرلىرى ئاتلىرىنى تۈمەن دەرياسىغا سۇغىرىشقا ئېلىپ چىققاندا ئۆشتۈمتۇت پەيدا بولۇپ قالغانلار تەرىپىدىن كۆپ قېتىم تارتىپ كېتىلگەچكە، ئاتلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن قوراللىق ئەسكەرنى بىرگە چىقىرىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئاتۇش تەرەپتىمۇ «ھەرىكەت پەيدا بولغانلىقتىن، مافۇيۈەن بىئارام بولۇپ، 6 - فېۋرال سەھەردە بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ ئاتۇشقا قاراپ ئاتلاندى.

يېڭى شەھەردىكى ما جەنساڭمۇ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ كونا شەھەر ئىچى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كېتىپ كونا شەھەرنى ئاساسەن بوشىتىپ قويدى.

شۇ كۈنى سەھەردىن باشلاپ ياغقان قارنىڭ ئېرىگەن قىسمى يوللارنى پاتقاق قىلىشقا باشلىغانىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى قوشۇندىن قوچقار باي دېگەن باشلىق تۇڭگانلار چىقىپ كەتكەن پەيتتىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە ئادەملىرىدىن يۈز نەپەر پىدائىنى تاللىدى. بۇلار ئۆزبېك، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇلارچە ئىمكان بولسا شەھەرنى تارتىۋېلىش، بولمىسا شەھەردە قالدۇرۇلغان تۇڭگانلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورال ۋە ئولجىلىرىغا ئىگە بولۇش ھەمدە تۇڭگانلارغا روھىي زەربە بېرىش ئۇلارنىڭ چىقىش نۇقتىئىنەزىرى ئىدى.

بۇلار تېز ۋە چاققانلىق بىلەن شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى — يارباغ دەرۋازىسىغا قاراپ چاقماق تېزلىكىدە ئات سېلىپ ماڭدى، دەرۋازىنى قوغداۋاتقان سەككىز نەپەر قوراللىق تۇڭگان ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغانىدى.

قوچقار باي دەرۋازا ۋە سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇللارنى ئەپچىللىك بىلەن يىغىشتۇرۇپ، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شەھەر ئىچىگە قاراپ كىرىپ كەتتى. ھېيتگاھ مەيدانىغا ماڭغان بىر بۆلىكى ئەنجان رەستىدىكى مۇساباييوفنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشقان بىرىگادا شتابىنى ئىشغال قىلدى.

بۇ يەردە قالدۇرۇلغان ئاز ساندىكى قارانچۇقلار تەسلىم بولدى. قورال ۋە نەرسە كېرەكلىرى ئولجا ئېلىندى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ ھېيتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قوماندانلىق باش شتابىنى باسقىن قىلىپ، ئۇ يەرنىمۇ ئىشغال قىلىشتى. بۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر يولدىن مېڭىپ كەتكەن بىر بۆلىكى ئايلىنىپ چىقىپ توققۇزاق دەرۋازىدىكى پولك شتابىنى قولغا چۈشۈرۈپ يېتىپ كەلگەنىدى.

بۇلار ھېيتگاھ مەيدانىغا جايلاشقان 4، 5 جايدىكى تۇڭگانلارنىڭ روتا شتابلىرىنى قولغا چۈشۈردى. قارانچۇقلارنى يىغىشتۇردى، ئولجىلارنى ئالدى.

بۇلار شەرق - غەرب بويلاپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇلار شەتەي يامۇلى بىلەن دوتەي يامۇلىنى نىشان قىلغانىدى.

بۇلار گەرچە بىرنەچچە جايدا ئوتۇقلارغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي ئورۇن بولغان يۇملاق شەھەر قەلئەسى بىلەن دوتەي يامۇلىنى ئالالمىدى. بولۇپمۇ داوتەي يامۇلى سەھنىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن قويۇپ بېرىلگەن ئېستانكىۋوي پىلىموتنىڭ ئوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېقىن يولىيالمىدى ھەم خېلىلا چىقىم تارتتى، خېلى تىرىشقان بولسىمۇ ئامال بولمىدى. بۇلار ئىشنى ئويۇنچۇقتەك باشلىغان بولۇپ، گەرچە شەھەرنى ئاسانلا ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شەھەر دەرۋازىلىرىنى ھەم سېپىل ئۈستىنى مۇستەھكەملىمىگەچكە، تېزلىك بىلەن قايتىپ كىرگەن ما فۇيۈەننى شەھەرگە كىرگۈزۈپ قويدى، ئۆزلىرى شەھەر ئىچىگە سولىنىپ قالدى.

بۇلارنىڭ چىقىش يوللىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلانغانلىقتىن، بىر قىسمى ئەنجان رەستىنىڭ پۈتۈنلەي ئىگىلىنىپ بولغانلىقىغا قارىماي، ئات سېلىپلا يارباغ تەرەپكە چېپىپ كەتتى، بىرقانچىسى ئوق ئاستىدا لايغا مىلەندى. ئاساسىي قىسمى يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

قامىلىپ قالغانلارنىڭ ئاز بىر قىسمى شەھەر كوچىلىرىغا تاراپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاساسىي قىسمى ھەر تەرەپتىن سۈرۈلۈپ كېلىپ، ئارقا ئەنجان

رەستىگە توپلاشتى ۋە بۇرۇن «لى جىڭ» (باجخانا) دەپ ئاتالغان، كېيىن ئاخۇن بايوپلاردىن ئابدۇرېھىم، ئابدۇللا بايۋەچچە (ئاكا - ئۇكا) لەرنىڭ ئىمارىتىگە كىرىۋالدى. بۇ ئىمارەت گەرچە سېپىلغا يېقىن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئېگىز ياسالغان سەرەج تېمىنى دالدا قىلىپ كەچ كىرگىچە توڭگانلار بىلەن ئېلىشتى. تۇرغان جايلىرى ئەپلىك بولغاچقا، توڭگانلاردىن كۆزگە ئىلىنغانلىرىنى سوقۇپ تاشلىدى ۋە نۇرغۇنلىرىنى چىقىمغا ئۇچراتتى. ئاقىۋەت قورال كۈچى بىلەن بىر تەرەپ قىلالمىغان ما فۇيۇەن ھىيلە ئىشلىتىپ، ئەلچى ئەۋەتتى، نەتىجىدە ما فۇيۇەن پېدائىيلارنى يالغان قەسەمگە ئىشەندۈردى، ھاياتلىرىغا دەخلى قىلماسلىق شەرتى بىلەن تەسلىمگە قول قويىدى.

نامەرت ما فۇيۇەن «قۇرئان» تۇتۇپ ئىچكەن قەسەمگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇلارنى تۇتتى ھەمدە ئوفىتسېرلىرىنى يېڭىشەھەر يولىدا، ئەسكەرلىرىنى دوتەي يامۇلىدا 7 - فېۋرال كۈنى سائەت 12 لەردە پىلىمۇتقا تۇتۇپ ھالاك قىلىۋەتتى.

قوچقارباي تەشكىللىگەن ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ بۇ تەۋەككۇلچىلىكى يالغۇز ئۆزلىرىنىلا ھالاكەتكە تۇتۇپ بەردى ئەمەس بەلكى قەشقەر تارىخىدىكى «6 - فېۋرال» پاجىئەسىنى مەيدانغا چىقاردى. ما فۇيۇەن قەشقەر خەلقىنىڭ ئۆزبەك قوشۇنلىرىغا ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ «3 كۈنلۈك قەتلىئام» بۇيرۇقىنى چىقاردى. شەھەردىكى قورالسىز، گۇناھسىز كىشىلەردىن 6000 دىن ئارتۇق كىشىنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. يىللاردىن بېرى ئەمگەك قىلىپ تاپقان پۇل - مال، ئۆي - سەرەمجانلىرىنى تالاپ كەتتى. ئايال - قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىگە تەگدى. نەچچە يۈزلىگەن ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ سوقۇشلارنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ھەيدەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.

يۇسۇپجان قۇربېشى قەشقەردىكى قىرغىنچىلىققا سەۋەبچى بولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن باش ۋەكىل سابىت داموللام ئۆزبېك قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان ئابدۇراخمان قۇربېشىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ، يۇسۇپجاننى قوشۇندىن تازىلاش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قارار بويىچە يۇسۇپجاننى «مەجلىس» كە چاقىرتقان. يۇسۇپجان گەرچە مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئاخشىمى ھوشيارلىق بىلەن، داموللامنىڭ قەشقەر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى كايىشلىرىغا تەييار تۇرغان.

ئۇنى داموللام بىلەن زىرىپ قارى ھاجى يېڭىسادىكى بىر ئۆيدە كۈتۈۋالغان، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن، بىرەر سائەتتىن كېيىن داموللام بىلەن قارى ھاجىم تەرەت قىلىش باھانىسى بىلەن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن، ئارقىدىنلا خوتەنلىك سەركەردىلەردىن بولغان تاپانچىلىق بىر ئەمىر قولۇڭنى كۆتۈر! دەپ ھەيۋە بىلەن كىرىپ كەلگەن. يۇسۇپجان ئىچىگە يوشۇرغان بىراۋنىڭ تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ تەييار بولۇپ تۇرغاچقا، پاڭ قىلىپلا ئەمىرنى يەرگە يىقىتقان. يۇسۇپجان بىر دىسكا ئوقنى دەھلىزگە قارىتىپ ئاتقاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئوقىدىن كاتىپ X X دېگەن بالا ھالاك بولغان. ئۇ يېڭىسار يېڭى شەھىرىنىڭ سېپىلىغا چىقىپ ئادەملىرىنى توپلاپ داموللامنىڭ قېشىغا كەلگەن. داموللامۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئەيىپنى ئۆلگۈچى ئەمىرگە يۈكلىگەن. يۇسۇپجان ئاز ئۆتمەي تاشمىلىققا قاراپ كەتكەن (قادىر ھاجىم تىلىدىن). ئۆزبېكلەر بۇ قېتىم پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنە ھارۋىسىدىن چۈشمىدى ۋە تاشمىلىققا چېكىندى، خوجا نىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرى خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە يېڭىساردا توڭگانلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا ياردەم قولىنى سۇنمىغانىدى. ھەتتا خوتەن باشلىقلىرىدىن ئەمىر ساھىپ نۇر ئەھمەتخان 40 كۈنلەپ يېڭىسار قەلئەسىگە قامىلىپ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، قاراپ تۇرۇشتى. ئاقىۋەت نۇرئەھمەتخان بىلەن ئابدۇللاخان (شامەنسۇر) نىڭ كاللىسى ھېيتگاھقا ئېسىلدى.

ئۆزبېكلەر بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن گەرچە ئاز مۇددەت ئوپال - تاشمىلىقلاردا يۈرۈپ توڭگانلار بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ، چېكىنگەن ما جۇڭيىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلەپ يېتىپ كېلىشى يۇسۇپجاننى تاشقورغانغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. يۇسۇپجانمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن چەتكە قېچىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن تاشقورغان چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىمكان تاپالمىدى. چېگرىنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاجىك مۇھەممەت زەمىرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇنىڭغا يول بەرمىدى، ئۇنىڭ قارشىلىقى ئۈنۈم بەرمىدى.

## 4

1934 - يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرلىرى ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېتكە كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ما خوسەن باشچىلىقىدا قەشقەردىن خوتەنگە چېكىندى. 20 - ئىيۇل سىجاڭ مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدىكى 6 - دىۋىزىيە قوشۇنلىرى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشتى.

ئۈرۈمچى يېڭى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇرۇشنى بېسىقتۇرۇش، يۇرتنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن قوشۇنلىرى قەشقەر بىلەن يەكەن يېڭى شەھىرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلىپ، ھەممە تىنچلىققا قاراپ قەدەم تاشلىدى. جەنۇبتىكى ھەممە قوزغىلاڭچىلار يېڭى ھۆكۈمەتكە باش ئېگىپ تەسلىم بولدى، لېكىن يۇسۇپجان باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنى ھامان تاشقورغاندا ياتماقتا ئىدى. زامانىنىڭ تەرەققىياتى يۇسۇپجانلارنىمۇ تىنچلىققا چاقىرغاچقا، ئۇنى قوبۇل كۆرمەسلىككە ئامالمۇ قالمىغانىدى.

يۇسۇپجان قالغان قور بېشلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم كېڭەشكەن بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدىكى ئابدۇراھمان قور بېشى، ئارىپجان قور بېشى قاتارلىقلارنىڭ تەسلىم بولۇش تىلىكى يۇسۇپجاننى مەجبۇر قىلدى، ئاقۋەت قەشقەر بىلەن سۆزلىشىشكە ماقۇل كەلدى.

سۆھبەت نەتىجىسىدە يۇسۇپجانلار قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېڭىسارغا قايتىپ كەلدى. بۇ جايدا سەمەت ھاجى تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى 6 - دىۋىزىيىنىڭ 1 - پولكى (كېيىن 31 - پولكقا ئۆزگەرتىلگەن) بار بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن كۈتۈلدى. يۇسۇپجان قوشۇنىدىكى مەلۇم كىشىلەر (تولاراقى ئۇيغۇر) بۇ پولكتا قالدۇرۇلدى، قالغانلىرى مارالبېشىدا تۇرۇشقا بۇيرۇلدى.

بۇ كۈنلەردە مارالبېشىدا بىر پولك ئاق ئورۇس ئەسكىرى بار ئىدى، ئۇلارغا پولكوۋنىك چېرنىيوف رەھبەرلىك قىلاتتى. يۇسۇپجانلار ئەنە شۇ رەھبەرنىڭ قېشىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆزدەكلىك دېگەن جايغا كەلگەندە يۇسۇپجان مارالبېشىغا بېرىشتىن يالتىيىپ، ئۇ يەرگە بېرىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. گەرچە باشقىلارنىمۇ بارماسلىققا ئۈندىگەن بولسىمۇ، لېكىن قالغان قوربېشىلار بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى ۋە ئەمدى بۇيرۇققا بوي سۇنماي نېمە چارە بار؟ ئەمدى قەيەرگە بارىمىز؟ بىزگە ئۇرۇش قىلساق ھالاك بولۇشتىن باشقا تەقدىر يوققۇ؟ دېيىشتى. ئاقىۋەت يۇسۇپجان ئۆزىگە ئەگەشكەن بىر قىسىم كىشىلىرىنى ئېلىپ يولنى سېرىقبۇيىغا سالدى. قالغان قوربېشىلار يۇسۇپجاندىن ئايرىلىپ مارالبېشىغا بېرىشقا تەۋەككۇل قىلدى. ئۇلارنى چېرنىيوف باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر قارشى ئېلىپ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈشتى.

بۇلار گەرچە داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋېلىنغان بولسىمۇ، يۇسۇپجان كەلمىگەچكە، ئۇنى بويسۇندۇرۇشقا توغرا كەلدى. قوشۇن تېزلىك بىلەن ماشىنىغا چۈشۈپ سېرىقبۇيىغا قاراپ ئاتلاندى.

يۇسۇپجان قوربېشى يول ئارىلاپ چىغىر يوللار بىلەن ئۆتۈپ مارالبېشىنىڭ سېرىق بۇيا رايونىغا كەلگەندە بىرئاز ئارام ئالماقچى بولۇپ بازار ئىچىگە چۈشتى. قويلار سويۇلۇپ، قازانلار ئېسىلىپ، شورپا قايناشقا باشلىدى، لېكىن ئەسكەرلەر غىزالانماي تۇرۇپلا، گۇرۇلدەپ يېتىپ كەلگەن ماشىنا بۇلارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. قورالىق رۇسلار چەبدەسلىك بىلەن تۆت تەرەپنى قورشىۋالدى. بۇ ئەھۋالدىن يۇسۇپجاننىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلدى، لېكىن قارشىلىشىشقا ئىمكان قالمىغانىدى. ئىلاجسىز باشقىلارنى تاشلاپ ئېتىغا مىندى، ئارقىسىغا 12 ياشلىق بالىسىنى مىندۈردى-دە، ئىككى نەپەر

كانۋيىنىڭ ھەمراھلىقىدا قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپى رۇسلارنىڭ قورشاۋىدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى قويۇپ بەردى-دە، ئىككى قولىدىكى تاپانچىدىن ئوق ئۈزگىنىچە قويۇندەك چىقىپ كەتتى. قارشى تەرەپمۇ ئۇنى تىرىك تۇتۇش ئۈچۈن، قانچە قىلىپمۇ ئامال قىلالمىدى. ئۇ چۆل تەرەپكە قاراپ ماڭغاچقا، رۇسلار قانچە قوغلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىتىغا يېتىشەلمىدى. قويۇندەك ئۇچقان بۇ قاچقۇنلار بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى، قوغلىغۇچىلار ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى.

ئابدۇراھمان قوربېشى، ئارىپجان قوربېشىلار مارالبېشىدا بىرقانچە كۈن ئارام ئالدى. بۇلارنى ساھىبخانلار ئوبدان كۈتۈۋالدى، قىلىنغان ئېھتىراملار بۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتقانىدى. مانا بۇ ياخشى كۈتۈۋېلىش، قىلىنغان ئېھتىراملار بۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى قوشۇننى ئاز كۈن ئىچىدە ئىتتىپاقلاشتۇردى. بۇ ئىش رۇسلارنىڭ سۆزىنى بىلىدىغان ئۆزبېكلەرنىمۇ خاتىرجەم قىلدى. ئۇلار ئارام ئېلىپ ھاردۇق چىقارغاندىن كېيىن ھەربىي دەرسكە تەكلىپ قىلىندى ۋە پىيادە، ئاتلىق، قوراللىق ۋە قورالسىز ھالدا مەشىق قىلىشقا باشلىدى. رۇسلار ئايرىم جايدا، ئۆزبېك قوشۇنلىرى ئايرىم جايدا مەشىق قىلاتتى. قورالسىز مەشىق قىلغاندا مىلتىقلىرىنى بىر جايغا يۆلەپ قويۇشاتتى، مەلۇم مۇھاپىزەتچىلەر قورالنى قوغدايتتى. دەرس بىرقانچە كۈن داۋام ئېتىپ ئىشەنچىسىزلىكلەر بارا - بارا ئىشەنچكە ئايلاندى-دە، ئۆزبېكلەردە خاتىرجەملىك بىرقەدەر كۈچەيدى.

مانا بۇ ئىشەنچ بىر مەزگىل داۋام قىلغان بولسىمۇ، كۆڭلەرنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدە تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرى ئويىنىلىشقا باشلىدى، بۇ كۈنى قوراللارنى ئادەتتىكىدەك ئورۇنلاشتۇرغان ئۆزبېك قوشۇنى قورالسىز مەشىققە كىرىشىپ كەتتى. رۇسلارمۇ بىر تەرەپتە مەشىق بىلەن مەشغۇل ئىدى. كەڭ كەتكەن بۇ مەيداندا رۇسچە ۋە ئۆزبېكچە كوماندا ئاۋازلىرى قىزىغان، ئۆزبېكلەرمۇ بارلىق دىققەتلىرىنى ھەربىي مەشىققە بەرگەن ھالدا بىر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى.

كوماندا ئۇلارنى قوراللىرىدىن خېلىلا يىراقلاشتۇرۇپ تاشلىدى. قورالنى ساقلاۋاتقانلار گەرچە ھوشيارلىقنى قولدىن بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان رۇسلار بۇلارنى قورشىۋالدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەشىق قىلىۋاتقانلارمۇ قوراللىقلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئالاقە ئۈزۈپ تاشلاندى. قوراللىرىدىن ئايرىلغانلار بىچارىلەرچە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدى.

بۇلار مەشىققە تىزىلغان رەت بويىچە ئۆزلىرىنى قاماق لاگېرىدا كۆردى ۋە ئاياغلىرىغا كىشەن، قوللىرىغا تۆمۈر بىلەيزۈك سېلىنغان ھالدا ھەسرەت ۋە نادامەت بىلەن بىر - بىرىگە قارىشاتتى، بولۇپمۇ قوربېشىلىرى، كاتتىۋاشلار شۇ كېچىسىلا ئۇجۇقتۇرۇلغانلىقتىن، ئۇلارنى كۆرۈش ئەمەس، ھايات - ماماتلىقىمۇ نامەلۇم ئىدى. بۇلاردىن «مەسلىسى بارلار» سوراققا تارتىلدى. ئۇلارغا گۇناھلىرىغا يارىشا جازا بېرىلدى، كەچۈرۈمگە لايىقلىرى بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى، «قۇدرەتلىك» دەپ نام ئېلىشقان ئۆزبېك قوشۇنى ئەنە شۇنداق ئاقىۋەت بىلەن تۈگەشتى.

## خاتىمە

### 1. سېتىۋالدىجاننىڭ ئاقىۋىتى

سېتىۋالدىجان ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇدادىن نۇرغۇن سەدىقىلەر بەدىلىگە «سېتىۋالغان» سۆيۈملۈك بالىسى بولغاچقا بۇ ئىسىمنى قويغان.

ئۇ ئائىلىسىدە ۋە مەدرىسلەردە ئوقۇپ بىلىملىك كىشىلەر قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئىنقىلابقا قاتناشتى ھەمدە تازا نامى چىققان چاغدا ئىسمىنى «ساتىئبەگ» كە ئۆزگەرتتى. بۇ ئەرەبچىدە «نۇرلۇق» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى بۇ نام بىلەن بېزىگەنىدى. ھەربىي باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكەلدى ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان بانكىنىڭ مۇدىرى بولدى.

تۇڭگانلارنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەنلىكى

سىتىۋالدىجانغىمۇ تەھدىت بولۇپ، قەشقەردە تۇرۇشقا بولمىدى. ئۇنىڭ دادىسى پەرغانىدىكى يۇرتىنى تاشلاپ بۇ دىيارغا مۇساپىر بولغان بولسا، بۇ نۆۋەت تېخىمۇ چوڭ مۇساپىرچىلىققا قەدەم قويۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى قەشقەر شەھىرىدىكى ئازادە هويلا - ئىمارەتلىرىنى، شەھەرنىڭ بىقىنىغا جايلاشقان گۈزەل بېغىنى، مال - مۈلكىنى، ھەتتا بالا - چاقا، بىر تۇغقانلىرىنى تاشلاپ ھىندىستانغا كېتىشكە توغرا كەلگەنىدى.

ئۇ مۇشۇنداق مەجبۇرىيەتلەر ئاستىدا قالغان بولغاچقا، قەشقەردىن مۇھەممەت ئېلى ھاجىم شاڭخەي، ئابدۇرېھىم بايۋەچچە، ئەخمەت ئاخۇن (پاختا)، جاڭ قورغان غوپۇر ھاجى. . . قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قەشقەردىن چىقتى-دە، تاشقورغاندىن ئۆتۈپ گىلگىت شەھىرىگە يېتىپ باردى. گەرچە بۇ يەردىكى يۇرتداشلارنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يول خېتى (پاسپورت) بارلار ئۆتۈپ كېتىپ، يول خېتى يوقلار قايتۇرۇلغانىدى.

سىتىۋالدىجان قايتۇرۇلغانلاردىن بولغاچقا، ئىلاجىسىز قايتىپ چېگرىدىن ئۆتۈشكە ھەربىيلەر ئۇنى تۇتۇپ تاشقورغان ئارقىلىق قەشقەر باندىتلارنى تازىلاش قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ چاغ 1934 - يىلنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى.

سىتىۋالدىجان بىرنەچچە ئون كۈن قەشقەر يېڭى شەھەردە قاماقتا ياتقاندىن كېيىن، يوپۇغىلىق ئەيسا ھاجىم دېگەن كىشى بىلەن بىرلىكتە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سىتىۋالدىجان قەشقەرگە كېلىشتە مەھمۇت سىجاڭغا ئۈمىد باغلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ھايات قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى، ھەتتا مەھمۇت سىجاڭ بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشەلمىدى، بۇلارغا ئۇشتۇمتۇتلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى.

## 2. يۇسۇپجان قۇربېشى

يۇسۇپجان قۇربېشى سىرىقبۇيىدا رۇس مۇھاسىرىسىدىن قېچىپ غايىپ بولغانلىقتىن، جەنۇبتىكى ھەربىر شەھەر، ھەتتا يېزىلارغىچە «يۇسۇپجان قاچتى، كىم تىرىك تۇتۇپ كەلسە 10 مىڭ سەر، كاللىسىنى كېسىپ كەلسە 5000 سەر، بار جايدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسە 2000 - 3000 سەر قەشقەر پۇلى (خاپيۇ) مۇكاپات بېرىلىدۇ. . . دەپ ئېلانلار چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دېرىكىنى ھېچكىم ئالالمىدى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ قاچقان پېتىچە مەكىتكە كەلدى ۋە «چوڭقۇرچاق» دېگەن يېزىدا تۇرۇپ ئۇ يەردىكى ئۆزبېك ئىشان بىلەن تېپىشتى.

بۇ ئىشان خەلق ئىچىدە سوپىلىق بىلەن خېلىلا ئېتىبار قازانغان كىشى بولۇپ، يۇسۇپجان بىلەن يېقىن تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئىشان يۇسۇپجاننى ھىمايىسىگە ئېلىپ بازاردىن خېلىلا يىراق بىر قۇملۇق ئىچىگە يوشۇردى.

يۇسۇپجان قۇم ئارىسىدىن كولانغان بىر گەمىگە بېكىنىپ ياتتى، ئىشان تەرەپتىن مەزۇن دېگەن بىر سوپى بۇلارغا قارايتتى ۋە ئوزۇق - تۈلۈك، لازىملىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇنچە يەتكۈزۈپ تۇراتتى، يۇسۇپجانمۇ ئېھتىياجلىق نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن تىللانى ئوچۇملاپ بېرىپ تۇراتتى. ئىشان جانابلىرى سوپى ئارقىلىق ئۇلارنى تەمىنلەيتتى. يۇسۇپجان بۇ گەمىدە 2، 3 يىللاپ ياتتى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى نۆۋەت بىلەن گەمە ئاغزىدا قورallıق كۈزەتتە تۇراتتى، سوپى ئەنە شۇ قاراۋۇللار بىلەنلا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ مەھبۇسلۇق بارا - بارا ئادەملەرنى زېرىكتۈردى، بولۇپمۇ يۇسۇپجاننىڭ باش تەكيىسىدە جىرىڭلاپ ئېچىلىدىغان كىچىك پولات ساندۇقتىكى «ئانارنىڭ قىزىل دانىچىلىرى» نى كۆرۈپ قالغان مەھرىمىنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ سوپى بىلەن بىرلىشىپ چىڭقى چۈش ۋاقتىدا يۇسۇپجاننىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ گەمە ئىچىگە كىرىپ يۇسۇپجان بىلەن يەنە بىر شېرىكىنى چاناپ ئۆلتۈردى.

ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولى بىلەن پولات ساندۇقنى ئاچقاندا ئۇنىڭغا لىقمۇلىق قاچىلانغان تىللا بۇلارنىڭ كۆزىنى ئالاق - جالاق قىلىۋەتتى. ساندۇقنىڭ ئاغزىدىكى بىردانە بىراۋنىڭ تاپانچىنى بالا قول سېلىپلا ئېلىۋالدى-دە، بۇلارنى ئاتماقچى بولدى.

لېكىن بۇلار چاقچاقلىق قىلىپ قوللىرىدىكى پالتا بىلەن بالىنى ئۇرۇپ يىقىتتى ۋە چاناپ ئۆلتۈردى.

بۇ ۋەقە ئىشاننىڭ ئىشارىتى ۋە تەشەببۇسى بىلەن بولغان بولغاچقا، سوپى ئارقىلىق مەھرەممۇ گەمە ئىچىدە يىغىشتۇرۇلدى. «دۇنيا بىرىنچى نەرسە، ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىلار ئىتلەردىندۇر» دېگەن پەتىۋا بويىچە، ئىشان تىللانىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىۋېلىپ، سوپىغا ئازراق بېرىپلا جىمىقتۇردى. سوپىنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولغاچقا، ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ ئازغىنە «سوۋغات» ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمىدى، بۇ سىرنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىش بىلەن ئىشاننى ساقچىغا چاقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشان قولغا ئېلىندى، تىللالار مۇسادىرە قىلىندى، سوپىمۇ قاتىللىق جىنايەت بىلەن قاماققا ئېلىنىپ، دۇنيادىن ھەسرەت بىلەن ئايرىلدى.

سۇپۇرسە ساھىبى ئۆينى بىيەكبار،
ئۆرۈمچۈك ھەم كېتەر، ھەم سەيد، ھەم تىلى
(ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆينى بىراقلا سۇپۇرسە، تور
تارتقۇچى ئۆمۈچۈكمۇ كېتىدۇ، تۇتقان چىۋىن
قاتارلىق ئوۋلىرىمۇ كېتىدۇ، ئۇنىڭ تارتقان
تورلىرىمۇ يوقىلىدۇ)
«سۇبباتۇل ئاجىزىن» دىن


## خۇلاسە

شۇنداق قىلىپ 1931 ـ يىلى جىن شۇرېننىڭ قانلىق ئىستىبداتىغا قارشى قوزغالغان ئىنقىلابىنىڭ قەشقەر رايونىدىكى نەتىجىلىرى مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەمنەپەس بولدى. شۇنچە تۆكۈلگەن قان، بېرىلگەن قۇربان، تارتقان جاپا ـ ئەلەم بىرلا سۇپۇرۇلۇش بىلەن تامام بولدى.


ئىزاھلار

① ئەيسا ھاجىم خانئېرىق يەكشەنبە بازارلىق ئادەم بولۇپ، باي ۋە خوجا ئەۋلادى ئاتالغان، يۇرتىنىڭ تونۇلغان كىشىسى ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب مارالبېشىدىن ئۆتكەندە، قوزغىلاڭچىلار باشلىقى تۆمۈر ئېلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەن ۋە يۇرتتىن ئالغان بىر تۈەن ئەسكەرگە باشلىق بولغان.

ئۇ يەكەندىكى ھاپىز لۇيجاڭنىڭ باشقۇرۇشىدا يەكەندىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ۋە يېڭى شەھەر ئۇرۇشىغىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان، ھەتتا ئۇزۇن شوتىلارنى ياساپ سېپىلدىن چىقماق بولۇپ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىكى تۇڭگانلار قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىپ قېچىپ يۈرۈپ جان ساقلىغان بولسىمۇ، سىلىڭ لوبىن كەلگەندىن كېيىن، تۇتۇپ كېلىنىپ قاماپ قويۇلغان.

② بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پەيزاۋات بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى «ئۆردەكلىك» دېگەن جايدا ئەنە شۇ ئىشان تەرىپىدىن يوشۇرۇلغان ئىكەن.

③ بەزىلەر بۇ ئەھۋال پەيزاۋاتنىڭ «ئۆردەكلىك» دېگەن جايىدا يۈز بەرگەن دەيدۇ. ۋەقەلىك ئوخشاش بولۇپ قايسى جايدا بولغان بولسۇن، ئەھۋال شۇنداق بولغانىدى.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى

## — مۇساباي جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ

ئۇ ئىشى شىنجىرۇ (ياپونىيە)

### مۇقەددىمە

قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرى ئىسمائىل غاسپىرالى نادانلىق ۋە قاششاقلىق ئاسارىتىدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش، روسىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئۆز ھوقۇقلىرىغا ئېرىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، 1884 ـ يىلى يۇرتى باغچى سارايدا زامانىۋى مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپتە «ئۇسۇلى جەدىد» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى قوللىنىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئۇسۇلنى ھىمايە قىلغۇچىلار جەدىد (يېڭىلىق، ئىسلاھات) چىلىك ھەرىكىتى قوزغاپ بۇ ھەرىكەتنى روسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىدىلا ئەمەس، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىپ، ئۇ پىلانلىغان «ئورتاق تۈرك تىلى» بىلەن بىرگە تۈركىي تىللارنى ئانا تىل قىلغان كىشىلەرنىڭ «تۈركلۈك» ئېڭىنى ئويغاتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا روسىيە دائىرىلىرى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان «پان تۈركىزم» ۋە «پان ئىسلامىزم» نىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتكەن①.

روسىيىگە قوشنا شىنجاڭنىڭ قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلىرىدىمۇ، كېچىككەندىمۇ 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەرلىك تۈركىي خەلق يېڭىچە ئۇسۇلدىكى مائارىپنى يولغا قويغان. خامادا ماسامى ئەپەندى شىنجاڭغا يېڭىچە مائارىپنىڭ كىرىشىنى جۇڭگونىڭ خەنزۇ تىلى مائارىپىدىن كەلگەن بوھران تۇيغۇسى ۋە روسىيە مۇسۇلمانلىرى ھەمدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن دەپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ 1914 ـ يىلى «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەرگە ئەۋەتكەن تۈرك ئوقۇتقۇچى ئەخمەت كامالنىڭ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتا ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئورىنبۇرگدا تارقىتىلغان روسىيە جەدىدچىلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر ئەپكارى بولمىش تاتار تىلىدىكى گېزىت «ۋاقىت» نىڭ 1906 ـ يىللىق 2 ـ ساندىن 26 ـ سانىغىچە، 1918 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن 26 ـ سانىغىچە بولغان سانلىرى بىلەن، شۇ نەشرىيات چىقارغان ژۇرنال «شۇرا» نىڭ 1908 ـ يىللىق 1 ـ ساندىن 1918 ـ يىللىق 1 ـ سانىغىچە بولغان سانلىرىدىن② پايدىلاندىم. بۇلار شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىدا ئاساسەن پايدىلىنىلمىغاچقا ھەم سەھىپىسى قىسقا ۋە ئاددىي بولغاچقا، «ۋاقىت» گېزىتىدە 180 دەك، «شۇرا» ژۇرنىلىدا 50 تەك مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئېلان قىلىنغان. غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق تاتار ئاخباراتچىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن يەرلىكلەرنىڭ ئازغىنە ماقالىلىرى شۇ چاغدىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە بىزنى قىممەتلىك ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 1. مۇساباي جەمەتى

ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتى (1865 ـ 1877) يىمىرىلگەندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەمۇرىي

ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى جاڭجۇن ـ ئامباللارنىڭ نازارىتىدە يەرلىك ئاھالىدىن ئالۋان يىغىش، ھاشارغا ھەيدەشتەك ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئۆزى باج تۆلىمەسلىكتەك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان «بەگ» دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى③. يەنە ئۇنىۋېرسال ناتۇرال يېزا ئىگىلىكى سودا خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاجىزلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يەر ئىجارىسى يىغىش باشلانغاچقا، زور كۆلەمدە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كونا بەگلەر قاتلىمى خاراپلاشتى④. يەنە بىر تەرەپتىن 1881 ـ يىلى «سانكىت پېتىربۇرگ شەرتنامىسى» دىن شىنجاڭدا باج تۆلىمەسلىك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن روسىيە سودىگەرلىرى بېسىپ كىرىپ يەرلىكلەرنىڭ روسىيە سودىسىغا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇردى. بۇ سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «باي» دەپ ئاتالغان كۈچلۈك قاتلامنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتتى⑤.

بۇ ئارىدا ھۈسەيىن باي ۋە باۋۇدۇن باي ئاكا ـ ئۇكا خەلقئارالىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئالمۇتا، بىشكەك، سېمىپالاتىنسكى، تاشكەنت، ئەنجان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە شۆبە ۋاكالەتخانا ئاچقان بايلار بولۇپ، ئۇلار دادىسى «مۇساباي» نىڭ نامىدا «مۇساباي جەمەتى» دېگەن سودىگەرلىك ئاتىقىنى ئالغان⑥.

مۇساباي جەمەتى قەشقەر شەھىرىنىڭ 24 كىلومېتىر شىمالىدىكى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدىن بولۇپ، X IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى قەشقەردىكى ساناقلىق بايلاردىن ئىدى. دەۋرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت نۇقتىسى قەشقەردىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلىغا يۆتكەلگەن، كېيىن غۇلجا ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. غۇلجا روسىيە سودىسىنىڭ مۇھىم قوۋۇقى بولغاچقا، تاتارلار باشچىلىقىدىكى روسىيىلىك نۇرغۇن سودىگەر جانلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غۇلجىدىكى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار ئەڭ كۈچلۈك سودا شىركىتىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان⑦. ئۇلار سودا پائالىيىتى بىلەنلا قالماي، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيىلەردىن تېخنىك تەكلىپ قىلىپ تۈرلۈك زاۋۇتلارنىمۇ قۇرغان، بولۇپمۇ 1909 ـ يىل 12 ـ ئايدا غۇلجىدا پۈتكەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى گېرمانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، نېمىس تېخنىك بىلەن يەرلىك نەچچە ئون ئىشچى ئىشلەيدىغان زامانىۋى زاۋۇت ئىدى⑧.

جۇڭگودا 1911 ـ يىل 10 ـ ئايدا ۋۈچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئىلىدىمۇ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان ئىنقىلابچىلار 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋە ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئىككى كۈندىلا باستۇرۇۋېتىلدى. ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ يەرلىك تۇڭگان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىركەشكەن. مۇساباي جەمەتىدىن ھۈسەيىن بايمۇ بۇ ئىنقىلابچى قوشۇننى ئوتۇك ۋە ئېگەر ـ جابدۇق قاتارلىق لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن⑨.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان ياڭ زەنشۈي قوزغىلاڭنىڭ ئالدىدا يەنى 1911 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چېگرىغا يېقىن بازار يەركەنتكە بېرىپ روسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە پودپولكوۋنىكى كالاكىننى زىيارەت قىلغاندا مۇسابايىنىڭ زاۋۇتىغىمۇ كىرىپ ئۆتكەن. بەلكىم ياڭ زەنشۈي زىيارەت ئارقىلىق يېقىنلاپ قالغان قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ تەييارلىقىنى تېزلەتمەكچى بولغان بولسا كېرەك. قوزغىلاڭدىن كېيىنكى 1912 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىمۇ ياڭ زەنشۈي باۋۇدۇن باينىڭ قەسرىگە زىيارەتكە كەلگەن. ئەتىسى ياڭ زەنشۈينىڭ شەرىپىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ سورۇنغا ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ دېپلوماتىيە مىنىستىرى فېڭ تېمىن قاتارلىقلار، روسىيە تەرەپنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دياكوف، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق

www.uyghurkitap.com

قوشۇنىنىڭ قوماندانى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، روسىيە ئاسىيا بانكىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىقلارمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان⑩.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بورتالادىكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمگە قارشى 3000 دەك موڭغۇل مۇسا باي جەمەتىنىڭ ئىگىلىكىدىكى يەرلەرنى بۇلاپ - تالىغان، يەنە غۇلجىدىن قەشقەر، خوتەن، ماناس قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان قاتناشنى ئۈزۈۋېتىپ، سودا تىجارىتىنى توختىتىۋېتىپ سودىگەرلەرنى نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتقان. بۇنىڭ بىلەن 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا غۇلجىدىكى روسىيىلىك ۋە جۇڭگولۇق (يەنى مۇساباي جەمەتى) سودىگەرلەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن روسىيە كونسۇلىنى تەكلىپ قىلغان⑪. شۆنتۇڭ خان تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتمۇ جۇڭخۇا مىنگوغا بەيئەت قىلغان. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانى ئەمەل نامىنى ئۆزگەرتىپ تۇتۇقلۇققا تەيىنلىگەن. بۇ ئىش بىلەن 4 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى باشلىنىپ، بۇ ئىشقا تارباغاتايدىكى روسىيە كونسۇلى رىياسەتچىلىك قىلغان⑫ دېيىلىدۇ.

مۇساباي جەمەتىنىڭ ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە روسىيە كونسۇلى بىلەن ئۇچرىشىشى قانداقتۇر سىياسىي مايىللىق ئاساسىدا بولغان دەپ بېكىتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار سودا رىقابەتچىسى روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دوستانە مۇناسىۋەتنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە پايدىلىق ئورۇنغا قويغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ ئىلى يەرلىك سىياسىتىنىڭ قانداق ھالەتتە بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى مۆئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىمزالانغان شەرتنامە بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك تىركىشىشلەر ئارقىلىق ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرلەشكەن. تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە ئۆلكىنىڭ تۇتۇقلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىلى تەرەپنىڭ نامدار كىشىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابچى كۈچلەرنى پارچىلاش ۋە يوقىتىشقا كىرىشكەن. ياڭ زەڭشۈي قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن⑬.

مۇنداق ۋەزىيەتتە مىنگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن شې شياۋجۇڭ 1916 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجىدا ھۈسەيىن باي بىلەن كۆرۈشكەن. شې شياۋجۇڭ سودىگەرلەرنى يىغىپ باج ماركىسى چاپلاشنى يولغا قويۇشقا چاقىرغاندا، ھۈسەيىن باي قەتئىيلىك بىلەن ئۇنداق ئۇقتۇرۇشنىڭ تېخى رەسمىي ئېلان قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، رەت قىلىۋەتكەن. شې شياۋجۇڭ يەنە غۇلجىدىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەر ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور ھۈسەيىن باينىڭ ئىنقىلابتىن كېيىنكى كۆرسىتىپ چۈشۈپ كەتكەن ئىلى قەغەز پۇلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلمايۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن⑭. ئۇلار تىجارەتتىكى زىياندىن ساقلىنىشنى مەخسەت قىلغان بولسىمۇ، ھۈسەيىن باي ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## 2. يېڭىچە مائارىپنىڭ باشلىنىشى

يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ خىل باشلانغۇچ مائارىپى مەۋجۇت ئىدى. 1) مەدرىسە: زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان دىنىي مائارىپ ئاساس قىلىنغان مەھەللىۋى مەكتەپلەر بولۇپ، پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىدە 70 - 80 دەك مەدرىسە، يېزىلىرىدىمۇ شۇنچىلىك ساندا مەدرىسە بار ئىدى. مەدرىسلەردىكى بىر سىنىپقا ھەرخىل ياشتىكى، بىلىم سەۋىيىسى ھەرخىل تالىپلار

يىغىلغان بولۇپ، بىر ئوقۇتقۇچى ئايرىم - ئايرىم هالدا ئوقۇش سورئىتىگە قاراپ «ساۋاق بېرىش» ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» ۋە ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرنى يادلىتىش ئاساس قىلىنغاچقا، تالىپلار ئاساسەن خەت يازالمايتتى⑮.

2) خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپ: X IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن يەرلەردە «خۇسۇسىي مەكتەپ» ئاچقان، كېيىنچە خەنزۇ تىلى ئۆگىتىش ئارقىلىق هۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلەشنى مەخسەت قىلغان «شۆتاڭ» لار ئېچىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە بۇنداق شۆتاڭدىن 500 نەچچىسى ئېچىلغان بولۇپ، 1500 دىن ئارتۇق بالا ئوقۇغان، يەنە قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى (قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان مەمۇرىي ئورۇن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇستۇن ئاتۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) تەۋەلىكىدە 16 مەكتەپ ئېچىلغان، ئەمما «خۇسۇسىيلار مەكتىپى» مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەرنى جۇڭگوچە كىيىم كىيىپ، كۇڭزى تەلىماتى تەربىيىسىنى ئېلىشقا مەجبۇرلىغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، يەنە ئۆزگەرتىلگەن «شۆتاڭ» لارغىمۇ ئىشىنەلمىگەچكە، خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولمىغان⑯، يەنى يۈەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مائارىپ خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي خىراجەت قىلىپ ئىشلىتىۋالغانلىقتىن، «شۆتاڭ» لارنىڭ كۆپ قىسمى تاقىلىپ قالغان⑰. 3) مىسسىيونېرلار مەكتىپى: 1894 - يىلدىن باشلاپ مىسسىيونېرلار دوختۇرخانا، باسمىخانا بىلەن بىرگە مەكتەپمۇ ئاچقان⑱. ئۇ يەردە يىغىۋالغان يەرلىك مۇسۇلمان يېتىم، نامرات بالىلارنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە «ئىنجىل»

ئوقۇش، مۇناجات ئېيتىشتەك ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان مائارىپىنى يۈرگۈزگەن»⑲.

بۇنىڭغا قارشى غاسپىرالى باشلاپ بەرگەن يېڭىچە مائارىپ ئوقۇش، يېزىش مەشقى، ئىسلام ئاساسىي بىلىملىرىگە ھېساب، تەبىئىي پەن، تارىخ، جۇغراپىيە، رۇس تىلى قاتارلىق ئاساسىي تەربىيە دەرسلىرىنى قوشۇپ كىرگۈزۈش، ئانا تىلىدىكى كىتاب - ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى⑳.

خەلقئارالىق سودا، زامانىۋى زاۋۇت باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇساباي جەمەتىدەك كارخانىچىلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلار يېڭىچە مائارىپنىڭ يېزىلاردىكى قالاقلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىۋاتقان مەدرىسلەرگە قارىغاندا ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. قەشقەرلىكلەر مىسسىيونېرلار مەكتىپى يىغىۋالغان مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ «خىرىستىيانلىشىپ كېتىش» خەۋپى بار دەپ قاراشقان، شۇڭا يېڭىچە مائارىپ بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇپ قالغان.

1909 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى «ۋاقىت» گېزىتىگە بېسىلغان غۇلجىدىن بېرىلگەن خەۋەردە: «مۇساباي جەمەتى ئوقۇتۇۋاتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بۇلتۇرقىدەك مۇئەللىمە ساراخانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ ھەرخىل ھۈنەرلەر، ھېساب، جۇغراپىيە، ئەقائىد، ‹قۇرئان كەرىم› لەرنى ئۆگەتتى. بايلار يەنى ‹دارىلشەفقەت› دېگەن دارىلئاجىزىنىمۇ سىناق قىلىپ ئاچتى. بۇ يەردە بالىلارغا ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگىتىلىدۇ»㉑ دېيىلگەن. بۇنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا كېچىككەندىمۇ 1907 - 1908 - يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدا مۇساباي ئىلكىدىكى مەكتەپ مەۋجۇت ئىدى، دەپ قىياس قىلالايمىز، يەنە ئوغۇللار مەكتىپى دەپ تونۇلغان «دارىلشەفقەت» تە تۈركىيىدە ئوقۇغان ئوقۇتقۇچىلار ئىستامبۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ھەم رۇس تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن㉒. بۇلار ئوقۇتىدىغان دەرسلەرنىڭ دائىرىسى تار، تىجارەت ۋە

زاۋۇتقا كېرەكلىك بىلىملەر كۆپرەك ئىدى. بۇنىڭدىن مۇساباي جەمەتىنىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنەۋۋەر ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئۈستۈن ئاتۇشتىمۇ مۇساباي جەمەتىدىن ھۈسەيىن باي «خەير ـ ئېھسان بىرلەشمىسى» تەسىس قىلىپ، «مەكتەپ ۋە كۇتۇبخانا قۇرىمىز، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارغا مەبلەغ ياردەم قىلىمىز»㉓ دەپ ئېلان چىقارغان. بۇ يەردە يولغا قويۇلغان مائارىپ غۇلجىدىكى مەكتەپ بىلەن ئوخشاش بولسا كېرەك. بىراق، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۈستۈن ئاتۇش تەۋەسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن قەشقەردىمۇ كۈچلۈك ئىدى. غۇلجىدا بولاردىن ئۆزگە روسىيىلىك تاتارلار، يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن بىرقانچىسى يىغىپ مەكتەپ ۋە قىرائەتخانىلارنى ئېچىپ، تۈركچە تىلدا گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىپ㉔، بۇ جايلارنى مەرىپەتپەرۋەرلىك كەيپىياتىغا تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان مۇتەئەسسىپلىككە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا قەشقەر تەرەپ كۈچلۈكرەك ئىدى.

بۇ ئارىدا دانا ئىسلاھاتچى ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللا 1912 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللا قەشقەر قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ھەرىيلى ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگدىكى ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10 ـ 15 نەپەر ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان㉕.

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ، روسىيىدىكى ئاخباراتلاردىنلا ئەمەس، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ۋەزىيىتىدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. يەنە چەت ئەللەردە ئوقۇغان، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، سودا پائالىيىتى ۋە ھەج مەقسىتىدە ئەشۇ ئىلغار ئەللەرگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ بولغان. بۇلاردىن ھاجىلار كۆپرەك بولۇپ، 1909 ـ يىلى قەشقەردىنلا 350 كىشى ھەجگە بارغان㉖.

ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى تەرەققىياتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياقۇپ بەگدىن كېيىنمۇ ئۈزۈلۈكسىز داۋاملاشقاچقا㉗، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى 1910 ـ يىللار ئەتراپىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. 1909 ـ يىلى ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە «ئوسمانلى يەن ھەيئىتى» زىيارەتكە كېلىپ يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە باغلىغان، شۇڭا 1910 ـ يىلى تۈركىيىدە «دەستۇر (ئاساسىي قانۇن) تۈزۈمى» ئورنىتىلغانلىقى ۋە مەھمۇت رىشادنىڭ سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىل بولۇپ قەشقەرلىك شەيخ سەئىد دېگەن كىشى ئىستانبۇلغا زىيارەتكە بېرىپ شەيخۇلئىسلام ۋە مەھمۇت شەۋكەت پاشا بىلەن كۆرۈشكەن㉘.

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ 1912 ـ يىلدىكى بالقان ئۇرۇشىدىكى ئەھۋالىنى ئاڭلىغان قەشقەرلىكلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار نۇرغۇن ئىئانە پۇلنى نەچچە رەت تۈركىيىنىڭ «ئىسلام ھىلال ئەھمەر» گە يەتكۈزۈپ بەرگەن㉙. بولغارىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئېدىرنىنى ئەنۋەر بەي قوماندانلىقىدىكى تۈركىيە قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر 1913 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەردە غۇلجىغا تارقالغاندا بازاردىكى ھەممە دۇكانلار تىجارەتنى توختىتىپ، ھەممە ئائىلە بايراق ئېسىپ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ شاتلىقنى ئىپادىلىگەن. غۇلجا خەلقى شەھەر سىرتىدىكى «گۈلشەنباغ» قا يىغىلىپ باۋۇدۇن باينىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەبرىكلەش مەرىكىسى ئۆتكۈزگەن㉚.

بۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۈركىيىگە قىزىقىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا دىنىنىڭ ئوخشاشلىقى، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە روسىيىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باغلىنىشلىقى، «مۇسۇلمان» لىقى تېخىمۇ مۇھاكىمە

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىدى. ئەمما ئۇچۇر - خەۋەرلەر ۋە كېلىپ - كېتىۋاتقانلار، ئەمەلىيەتتە «تۈركلۈك» قارشىنى ئۇلار ئارىسىغا سىڭدۈرۈۋاتقان ئامىل بولغان بولسا كېرەك. ئوخشاشلا مۇساباي جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللىدىن باشقا كىشىلەرمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار يۇرتلاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان يېڭىچە مائارىپنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك.

### 3. يېڭىچە مائارىپنى چۆرىدىگەن زىددىيەتلەر

مۇساباي جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر دامولللار قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپنىڭ يولباشچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنى دەرھاللا يېڭىچە مائارىپقا يۈزلەندۈرەلمىدى. ئابدۇقادىر دامولللىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئاچقان مەكتىپمۇ ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا خەلپەتلىك قىلىۋاتقان شاگىرتى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىدىن قالدى㉛. بۇنداق ئەھۋالدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەردە يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق «تۈركلۈك روھى» نى ئويغىتىش مەقسىتىدە بىر تۈرك ياشنى ئەۋەتمەكچى بولدى. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولمىش، ئوسمانلى ھۆكۈمىتىنىڭ داخىلى ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان تەلئەت پاشا مۇساباي جەمەتىدىكى بىرسىنىڭ ھەج قىلىپ قايتىشىدا ئىستامبۇلنى زىيارەت قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە ئەۋەتىدىغان ئوقۇتقۇچىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئوقۇتقۇچىلىققا ئىلگىرىدىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستلىشىپ كېلىۋاتقان ئەخمەت كامال تاللانغان㉜.

ئەخمەت كامال 1914 - يىل 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى باۋۇدۇن باينىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن. شۇندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇنقى ۋەزىيىسى بويىچە قەشقەر شەھىرىدە مەكتەپ ئېچىش ئىمكانىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بىرەر ئاي ئۆتكەندە شەھەردىكى نوپۇزلۇق كىشى ئۆمەر باينىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەكتەپ ئورنىنى مۇسابايىنىڭ يۇرتى ئۈستۈن ئاتۇشقا يۆتكىگەن. 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئەخمەت كامال مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان «دارىلمۇئەللىمىن ئىبتىھاد» قۇرۇلۇپ، مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن «ئىسلام خەير - ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ پائالىيەت باشلىغانلىقى جاكارلانغان. ئەخمەت كامالنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئابدۇقادىر دامولا ۋە ياش كارخانىچىلارنىڭ بىرى بولغان ھاجى ئەلى قەشقەر شەھىرىدە «ئىسلام خەير - ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ باش شىتابىنى قۇرغان㉝.

ئەمما ئۇلارنىڭ پائالىيىتى تېزلا ئۆكتىچىلەرنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىغان. ئەڭ ئالدى بىلەن سېلىم ئاخۇن دېگەن مۇتەئەسسىپ ئۆلىما «تارىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقارغان. ئۆمەر باي يەنە ئۆكتىچىلەرگە باش بولۇپ يېڭىچە مائارىپنى قوللىغۇچىلارغا تۆھمەت چاپلاش، زەربە بېرىشنى كېڭەيتكەن㉞.

ئۆمەرباي بىلەن مۇساباي قەشقەردىكى رىقابەتچى سودىگەرلەردىن بولۇپ، پەقەت مۇشۇ ئىككىسىنىڭلا روسىيە ۋە غەربىي تۈركىستان (قوقان) دىن مال سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى㉟، ئۆمەربايىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، قەشقەر شەھىرىنىڭ بېجىنى يىغىش ھوقۇقى بار ئىدى㊱. شۇ سەۋەبتىن ئەخمەت كامالنىڭ قەشقەر شەھىرىدە مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئۆمەربايىنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايتتى. باۋۇدۇن باي «ئۆمەر ئاخۇنباي مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تېزىكىنى ئېرىغدايدىغان ئىشى بولسىمۇ ياق دېمەيمەن»㊲ دېگەن. بۇ سۆزدىن باۋۇدۇن باي بىلەن ئۆمەرباي ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىنلا قانداقتۇر بىر ئۆزگىچە سوقۇشتۇرۇشنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەرخىل تەرەپبازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەدەپ قالغانىدى. بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەر بىلەن ئاتۇشلۇقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئىشەنمەسلىك مەۋجۇت ئىدى㊳. بۇنىڭدىن باشقا يەنە

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭدا نوپۇز تىكلىۋالغان ئاتالمىش قەشقەر خوجىلىرىدىن بولغان ئىشانىيە بىلەن ئىسھاقىيىنىڭ ماجىراسىغا چېتىلىپ قېلىپ، باۋۇدۇن باي ئىشانىيىنى، ئۆمەرباي ئىسھاقىيىنى قوللىغان[39]، ئاددىيسى «مۇساباي جەمەتىنىڭ شۆھرىتى ئۆمەربايىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن»[40] دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكۈچىلەرمۇ مەيدانغا چىققان، يەنە بىر جەھەتتىن قەشقەردىكى تەسىر كۈچى زور بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆكتىچىلەر تەرەپتە تۇرۇپ، قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا بىر ياندا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئەنئەنىۋى مائارىپنى يولغا قويۇشتا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، جەمئىيەتتىكى ئاتاق ۋە ھوقۇقنى ساقلاۋاتقان مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار روسىيىدىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى[41]. قەشقەرنىڭ ئەھۋالىدىمۇ يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشقا تۇنجى بولۇپ قارشى سادا چىقارغان سىلىم ئاخۇندەك مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەيدانىدا ئازراق سىر بار. شۇ چاغدا قەشقەردە قازىلىق، مۇدەررىسلىكتەك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەمەلدارلار سايلام ئارقىلىق چىقماي، باي - مۆتىۋەرلەر ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك كىشىلەرنى كۆرسىتىپ، خالىغانچە بېكىتىپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەر باي بىلەن سىلىم ئاخۇن ئوتتۇرىسىدىمۇ قانداقتۇر پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ[42]. سىلىم ئاخۇننىڭ پەتىۋاسى ئۈچۈن چاقىرىلغان مۇنازىرىدە ئەخمەت كامالنىڭ نۇتقى توغرا دەپ قارالغان[43]، سىلىم ئاخۇن ھەرقانچە قىلىپمۇ رىقابەتچى بولالمىغان. ئەخمەت كامال: «سىلىم ئاخۇندەك ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىپ يۈرۈيدىغان مولللار بىرقانچە ھاماقەت بايغا تايىنىپ ئېرىشكەن كۈچىگە ئىشىنىپ، بۇ مىللەتنىڭ نىشانىغا پۈتۈنلەي قارشى تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن[44]. ئۆمەر باي مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارغا ئۆكتىچىلەرنىڭ باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلىشى ئۈچۈن ماددىي ياردەم بېرىپ ئۇلارنىڭ مەيدانىدىن پايدىلىنىپ، ئومۇمغا ھەيۋە كۆرسەتتى. ئەكسىچە ئۆمەرباي سىلىم ئاخۇن ئارقىلىق «شەرىئەتكە بويسۇنۇش» دېگەندەك پەتىۋانى چىقارغۇزۇپ، شەخسىي مەقسىتىنى، يەنى مۇساباي جەمەتىگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇپ قالغان.

ئۆكتىچىلەرنىڭ يېڭىچە مائارىپنى ئەيىبلىشى كۈچىيىۋاتقاندا، قەشقەر دائىرىلىرى باۋۇدۇن باينىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىشقا باشلىغان. باۋۇدۇن باي ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە سىياسىتى بىلەن ئامانلىقىغا دەخلى يەتمىسىلا، ھەرقانداق ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقى توغرىسىدىكى جاۋابقا ئېرىشكەن[45]. بۇ قېتىممۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇستۇن ئاتۇشتىكى مەكتەپكە 1914 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىجازەتنامە بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆمەر باينىڭ تەسىر كۈچى بار قەشقەر شەھىرىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ھاجى ئەلى باشقۇرۇۋاتقان «ئىسلام خەير - ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ باش شتابىنى تارقاتقۇزۇۋەتكەن[46].

بۇنداق جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئەخمەت كامال مەكتەپ ئېچىپ بىر يېرىم يىلغا يەتمەيلا دەرس توختىتىپ، ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ 60 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 27 نەپىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىلىق سالاھىيىتىنى بەرگەن[47]. ئۇنىدىن كېيىن شەھەردىكى ھاجى ئەلى قاتارلىقلار باش بولۇپ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەرنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. ئۆمەرباي يەنە «ئۇلار جۇڭگودىن تۈركىستاننى تارتىۋېلىشقا قەسەم قىلدى» دەپ سۇخەنچىلىك قىلىپ قەشقەردىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە چاققانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەخمەت كامال بىلەن بىرگە بۇ مەكتەپكە چېتىشلىقى بار ياشلارنى قولغا ئېلىپ، مەكتەپنى تاقىغان[48].

خامادا ئەپەندى ئەخمەت كامال ئوقۇغۇچىلارغا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستامبۇلدىكى دەرسلىكلىرىنى ئۆتكەن. تۈركىيىنىڭ مارشىنى ئۆگەتكەن ئەخمەت كامالنىڭ مائارىپىدا پان

ئىسلامىزم، پان تۈركىزملىق خاھىش كۈچلۈك ئىدى(49)، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەخمەت كامال قەشقەردىكى ئۇيغۇرلاردا «تۈركلۈك» ئېڭىنى ئويغىتىشنى تېزلىتىشنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ «ئىسلام خەلىپىسى» بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پان تۈركىزم، پان ئىسلامىزمغا كۈچلۈك سىياسىي يۆلاق ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ پائالىيىتىنى قوللايدىغان قەشقەر جەدىدچىلىرى ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدىئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلىشتا دەرھال ئىپادە بىلدۈرمىگەن.

يۇقىرىدا شىنجاڭ بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە تەلپۈنىدىغانلار بار ئىدى. شۇڭا ئۇلاردا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى «تۈركلەرنىڭ قېرىندىشى»، «ئىسلام خەلىپىسى» دېگەن تونۇش مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ خىل ئىدىئولوگىيە پەنىلا ئاسان قوبۇل قىلىنىدىغان نەرسە، دەپ قارايمەن.

ئۇ چاغدا قەشقەرگە يېڭىچە مائارىپنى ئەكەلگەن كىشىلەر جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىنى ئىنكار قىلغان دېگەنگە ھېچقانداق پاكىت يوق. قەشقەر شەھىرىدىكى پائالىيەتنىڭ يېتەكچىسى ھاجى ئەلى «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىسىدە، دەسلەپتە «خەير - ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ باش شتابى تاقىۋېتىلگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ: «بىر قانچە دۈشمەن ئۆسەك سۆز تارقىتىپ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى شۈبھىلەندۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە ھۆكۈمەت ‹خەير - ئېھسان جەمئىيىتى› نى تاقىۋەتتى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ھۆكۈمەتنى كۈچلۈك تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ھاجى ئەلى ماقالىسىدە يەنە يېڭىچە مائارىپنىڭ دىن ۋە مىللەتنى ئاياغ - ئاستى قىلىۋاتقان شىۋېت مىسسىيونېرلىرى پائالىيىتىگە قارىتىلغانلىقىنى ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، بۇ پائالىيەتكە قارشى چىققان سېلىم ئاخۇننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۆكتىچىلەرنى كۈچىنىڭ بېرىچە ئەيىبلىگەن(50).

ئەخمەت كامالمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىنى قولغا ئېلىشى، مەكتەپنى تاقىۋېتىشى دېگەندەك ئىشلارغا «بۇ گۇناھ» ۋە مەسئۇلىيەت ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ئەمەس، قەشقەردىكى بىر قانچە ئۆلىما ۋە ئۆمەر ئاخۇندەك دىنىي، مىللىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى كەم كىشىلەردە. بۇ ساتقىنلار باۋۇدۇن بايغا بولغان شەخسىي ئاداۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن مەكتەپنى يوقىتىشقا تۇتۇنغان دەپ قاراپ(51)، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى بىۋاسىتە تەنقىد قىلمىغان. بۇنداق قاراش بەلكىم قەشقەرگە يېڭىچە مائارىپ ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئورتاق بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ قارشىلىشىدىغان رەقىبى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بولماستىن بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىدى.

ئەخمەت كامالنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلغان مۇساباي جەمەتىنىڭ غەرىزى نېمە؟ ئۇلار ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە يېقىنلىشىپ پانتۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزمنىڭ سىياسىي كۈچىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىغانمۇ؟ دەرۋەقە، دەسلەپتە ئىلىدىكى ئىنقىلابقا ياردەم قىلغان مۇساباي جەمەتى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قوشۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس دەپ قارىغان، ئەمما مۇساباي جەمەتى ئەسلىدە تۈرك ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىزدەنگەن دېيىشكە تېخى ئاساس يوق. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» ئۆزلىرىنىڭ ئەخمەت كامالنى قەشقەرگە ئەۋەتىش تەلىپىنى مۇساباي جەمەتىنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۇلارنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە قىلغان ھۆرمىتىدىن ئەمەس، بەلكى تۈركلەرگە بولغان يېقىنچىلىق تۇيغۇسىدىن بولغان، دەپ چۈشەنگەن. ئەخمەت كامالنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ساپ ئاقارتىش ھەرىكىتى جەريانى دەپ قارىساق ئارتۇق كەتمەس.

1913 - يىل 5 - ئايدا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «ۋاقىت» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن خېتىنى تونۇشتۇرۇپ: جۇڭگو ھۆكۈمىتى بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاپ چىقىش ھەققىدە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارغا نەچچە رەت ئۇقتۇرۇش

قىلدى. يەنە بېيجىڭنىڭ مۇپەتتىشى ۋاڭ ئاخۇن ئابدۇلرەھمان بىلەن بېيجىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبۇ بەكرى ئاخۇنمۇ بۇ ھەقتە قەشقەرگە نەچچە رەت خەت يېزىپ سۆيلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ خېتى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىغا بەك تەسىر قىلىپ ھەرىكەت قوزغاشقا پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ»⑫ دەپ يازغان. بۇنىڭدىمۇ ئابدۇقادىر داموللا باشچىلىقىدىكى قەشقەرنىڭ ئەھلى ئۆلىمالىرى، مۆتىۋەرلەر بۇ ئۆقتۇرۇشنى ئالقىشلىغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئەخمەت كامال چاقىرغان پان تۈركىزم، پان ئىسلامىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى بولمىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، شۇ ۋاقىتتا يالغۇز يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بىلەن بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن. لېكىن ئۇ ئىلىم كېيىنكى كۈنلەردىكى ھاكىمىيەتكە گۇمانى قاراپ ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئۆزگىرىپ كەتكەندە، ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان نەرسىدۇر.

## 4. كېيىنكى كۈنلەردىكى جەدىدچىلەر

75 كۈنلۈك تەقىپلىك ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرغان ئەخمەت كامال مائارىپقا ئارىلاشماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن، شۇندىن كېيىن 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باۋۇدۇن باي يېڭىدىن قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن ما شاۋۇنىڭ نەسىھىتى بىلەن كۆپ مەبلەغ سېلىپ قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى يارباغدا مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولۇپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش شەرت قىلىنغانلىقى ئۇچۇن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوقۇغۇچى سانى ناھايىتى تېز ئازلاپ كەتكەن. ئەخمەت كامال ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى مەخپىي ھالدا ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۆزىنى قوللىغۇچى ياشلار بىلەن ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. جۇڭگو ـ گېرمانىيە مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىنكى 1917 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاخىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى كۆچاغا يالاپ ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇغان⑬.

ئەخمەت كامالنىڭ كېتىشى، روسىيىدە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى» نىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي «ۋاقىت گېزىتى» ۋە «شۇرا» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشتىن توختىغان، شۇنىڭ بىلەن بىز قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپنى قوللايدىغان جەدىدچىلەرگە ئائىت قىممەتلىك ئاخبارات مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ شۇندىن كېيىنكى پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس.

مۇساباي جەمەتىنىڭ ياردىمىدە ئىستامبۇلدا نەچچە يىل ئوقۇپ تەربىيىلەنگەن، 1914 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ ئەخمەت كامالنىڭ مائارىپ پائالىيىتىگە ھەمدەمدە بولغان تۇرسۇن ئەپەندى شۇندىن كېيىنمۇ ئۇستۇن ئاتۇشتا مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگەن دېيىلىدۇ⑭.

لېكىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، «نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ خەۋەر ـ ئۇچۇرلارنى بوغۇپ تۇرغاچقا، «پانتۈركىزم» ۋە «پان ئىسلامىزم» نىڭ گۇماندارى بولمىش جەدىدچىلەرنىڭ مائارىپ پائالىيىتىمۇ قەپەزدىكى قۇشنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغان⑮.

1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللا ياشلارنى باشلاپ شۋېت مىسسىيونېرلىرى ئاچقان دوختۇرخانىغا كېلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ما شاۋۇنىڭ مەھكىمىسىگە قاراپ نامايىش قىلىپ ماڭغاندا باستۇرۇلغان. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئابدۇقادىر داموللا سۇيىقەستكە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە قەشقەردە ھەرخىل قىياسلار ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇنىڭ بىرسىدە دېيىلىشىچە، قولغا ئېلىنغان نەق جىنايەتچى ئۆمەربايىنىڭ ئۆزىنى ياللىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى چاپان يېپىپ ئەرزىنى باستۇرۇپ قويغان⑯. يەنە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىمخان قاتارلىق ئەخمەت كامالنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقان بىرمۇنچە ياشلار قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە قامالغان⑰. مۇساباي جەمەتىدىكى ھۈسەيىن باي بىلەن باۋۇدۇن باي 1926 ـ يىلى ۋە 1928 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغان⑱.

ھاجى ئەلى قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى يېڭىچە

مائارىپ ئارقىلىق ئاقارتىش ھەرىكىتىگە كۈچىنىڭ بېرىچە كۈچىگەن. ئەمما ئۇلارغا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاش يولىلا قالغانىدى، ھاجى ئەلى مۇساپە ئەمدى يېرىملاشقاندا تاشكەنتتە ۋاپات بولغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭغا قاراپ ئاتلانغان⑲ .

## خاتىمە

ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشتۈرىدىغىنى ئەمەلىي مەنپەئەتتۇر. مۇساباي جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلار ساپ مەرىپەتپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان ئاساستا يېڭىچە مائارىپنى ئەكىرىشكە تۇتۇش قىلغان دەپ قارايمەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىقتىن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى «پان تۈركىزم» ۋە «پان ئىسلامىزم» نىڭ خەتىرى بار دەپ قارىغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۈزۈشسىزلىقتا ئۈچرىتىلغان. لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشى ئۇيغۇرلارغا مىللىي ھەرىكەتكە يۈزلىنىش پۇرسىتىنى ئاتا قىلغان. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىشىشنىڭ ئاشكارا مەۋجۇت بولۇشى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن، ئەخمەت كامالنىڭ مائارىپ پائالىيىتى شۇندىن كېيىنكى شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

1931 - يىلى يىراق شەرقتىكى قۇمۇلدا پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئۇرۇش ئوتى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە كېڭىيىپ 1933 - يىلى ما شاۋۋۇ ھاكىمىيەت تۇتۇۋاتقان قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا غەلياڭچى كۈچلەرنىڭ بىرى بولغان ئوسمان باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز قىرغىز ئەسكەر قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقى بىلەن ئاستىن ئاتۇشتا پەيدا بولغان. ئاستىن ئاتۇشتىن باشقا يەنە ئۈستۈن ئاتۇشتىنمۇ ياشلار يىغىلىپ 350 تىن ئارتۇق پىدائىي تەشكىللىنىپ قوشۇننىڭ بىر قانىتى بولغان. بۇ قوشۇننىڭ ھەربىي مەشقىگە ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ يېڭىچە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەردىن قويۇلغان⑳ .

ئوسماننىڭ قوشۇنى شەھەرگە كىرىپ قەشقەرنى ئازاد قىلغاندا، ئاقسۇدىكى تەقىپتىن ئازاد بولۇپ يۇرتىغا قايتقان ئابدۇكېرىمخاننى مەركەز قىلغان مائارىپ ئورگىنىنى قۇرۇش تېزلىتىلىپ، تۇرسۇن ئەپەندىمۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان㉑ . شۇنداق قىلىپ مۇساباي جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلار ئۇرۇق سالغان قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپ ھاجى ئەلى قاتارلىقلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، بىر مەزگىل شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، 1933 - يىلدىن باشلاپ مىللەتچىلىك كەيپىياتى تېخىمۇ روشەن بولغان بىردەملىك باھارنى كۈتۈۋالدۇ.

---

ئىزاھلار:

① ئالان: ۋ. فشېر: «ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ئاسىيادىكى رەھبەرلىك ئوبرازى». ئېدۋارد ئاللۋورس: «قىرىم تاتارلىرىنىڭ ياشاش كۈرەشلىرى». دۇكې ئۇنىۋېرسىتېتى. 1988 - يىل نەشرى، 11 -، 26 - بەتلەر؛ كوماسى خىسائو: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنقىلابىدىكى جەدىتىزم»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى 1996 - يىل نەشرى، 55 ~ 68 - بەتلەر.

② «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ھەققىدە، ئالېكساندىر ۋە چانتاللارنىڭ «روسىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 1920 - يىلىدىن بۇرۇنقى نەشرىياتچىلىق ھەرىكىتى»، پارىژ، 1964 - يىل نەشرى 72 - 76 - بەتلەر.

③ كاتائوكا كازىتادا: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، يۇزان كاكو نەشرىيات ھەسسىدارلىق شىركىتى، 1991 - يىل نەشرى، 169 - 172 - بەتلەر.

④ ئو. لاتتىمورېي: «ئاسىيانىڭ قىزىق نۇقتىسى»، كوبونتو نەشرىياتى، 1951 - يىل نەشرى، 237 - بەت.

⑤ مۇساباي جەمەتى شىنجاڭنىڭ تېرىلىرى بىلەن روسىيىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق تاۋار قىلىپ ئىشلەتكەن دەپ قارايمەن. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ھەققىدە، ئېزىزوف ئابدۇللا: «مۇسابايوفلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 28 - قىسىم، ئۈرۈمچى، 1990 - يىل نەشرى، 189 - 228 - بەتلەر)؛ ۋېي چاڭخۇڭ:

www.uyghurkitap.com

«يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى — ئىلى ھۈسەيىن باي خۇرۇم زاۋۇتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 4 - سان ئۈرۈمچى، 1993 - يىل 72 - 78 - بەتلەر.

⑥ «ۋاقىت» 808 - سان (1911 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، خۇداي بەردى)، «ۋاقىت» گېزىتىدىكى خەۋەرلەر ھەققىدە تۆۋەندىمۇ سان، ۋاقتى ۋە مۇخبىر ياكى ماقالە ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسمى (ئىسمى نامەلۇم بولغانلىرى قىسقارتىلىپ) بېرىلىدۇ.

⑦ «ۋاقىت» 693 - سان (1910 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)، 512 - سان (1909 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)، 808 - سان (1911 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، خۇداي بەردى)؛ يەنە ئېزىزوف ئابدۇللانىڭ ماقالىسى، 202 - 208 - بەتلەر، ۋېي چاڭخۇڭنىڭ ماقالىسى، 74 - 75 - بەتلەر.

⑧ بۇرھان: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» بېيجىڭ، 1984 - يىلى، 17 - بەت، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 - قىسىم، ئۈرۈمچى، 1985 - يىلى 310 - بەت.

⑨ «ۋاقىت» 782 - سان (1911 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)، 962 - سان (1912 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى)

⑩ «ۋاقىت» 949 - سان (1912 - يىل 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)، 964 - سان (1912 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)

⑪ «ۋاقىت» 973 - سان (1912 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى)، تىنچلىق كېلىشىمى روسىيە كونسۇلخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن دېگەن سۆز راست بولغاندا، ئەلۋەتتە روسىيە كونسۇلى كېلىشتۈرگۈچى بولغاندۇر. لېكىن، بۇ ماقالىدە جۇڭگو تەرەپنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنالمىغاچقا، كېسىپ بىر نېمە دېيىشكە ئامالسىزمەن. بۇ خەۋەردە، ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىلى تىنچلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، ھازىرغىچە جايلار ئۆز ئالدىغا تارقاتقان پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرسۇن دېگەنمىش، ئەزەلدىن قالايمىقان بولۇپ كېلىۋاتقان پۇل تۈزۈمىنى ياخشىلاش غۇلجىدىكى سودىگەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا جانجان مەنپەئەت مەسىلىسى ئىدى؛ يەنە بۇ سان گېزىتتە ياڭ زەڭشىۋ ۋە دىياكوۋنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، ئىلى مۇۋەققەت ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيىلىك ئەرباپلار بىرلىكتە چۈشكەن سۈرەتى بېسىلغان.

⑫ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 - قىسىم، 320 - 330 - بەتلەر.

⑬ شيې شياۋجۇڭ: «شىنجاڭغا ساياھەت»، شاڭخەي 1925 - يىل، 156 - 157 - بەتلەر.

⑭ ئابدۇرېھىم توختى: «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى»، قەشقەر، 1986 - يىل نەشرى 5 - 14 - بەتلەر.

⑮ خامادانىڭ ماقالىسى، 29 - 34 - بەتلەر، كاتا ئوكانىڭ كىتابى، 309 -، 332 - بەتلەر.

⑯ لو شاۋبىن: «ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ مائارىپى» («غەربىي شىمال تارىخ - جۇغراپىيىسى» 49 - سان، لەنجۇ 1993 - يىل 5 -، 8 - بەتلەر.

⑰ گۇننار ياررىڭ: «قەشقەر باسمىخانىسى: شۋېت مىسسيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسىنىڭ تارىخى، ئەسەرلەر ھەم چىقارماقچى بولغان ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى»، ستوكھولم 1991 - يىلى نەشرى، 8 -، 9 - بەتلەر.

⑱ «ۋاقىت» 1541 - سان (1914 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى؛ ئوسمان مەمەتوف)، 1644 - سان (1914 - يىل 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ھاجى مۇھەممەت نەۋرۇز ھاجى ئوغلى).

⑲ كوماسىنىڭ كىتابى، 57 - بەت.

⑳ «ۋاقىت» 485 - سان (1909 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى).

㉑ «ۋاقىت» 693 - سان (1910 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى).

㉒ س. پ. سكرىن بىلەن پامېلا نىختىڭالې: «ماكارتنېي قەشقەردە» بىرىتانىيىدىكى يېڭى نۇر. «جۇڭگولۇقلار ۋە روسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى»، 1973 - يىل نەشرى، 157 - بەت، 1985 - يىل 11 - ئايدا ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ ئېكساق كەنتىدە تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم ئەسلىمىلەر نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مۇساباي جەمەتىدىن باۋۇدۇن باي 1885 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى يېڭىچە ئۇسۇلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۈستۈن ئاتۇشتا ئاچقان دېيىلگەن. بۇ ئەمەلىيەت بولغاندا، غاسپرالى تۇنجى ئۆلگىلىك مەكتەپ ئېچىپ، ئارقىدىنلا قەشقەردىمۇ مۇشۇنداق مائارىپ يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىدىمۇ شۇبھىلەنگۈچىلەر بار (سەيپىدىن ئەزىزى «ئۈمۈر داستانى» 1 - قىسىم، بېيجىڭ 1990 - يىل نەشرى 143 - 144 - بەتلەر). شۇ يىلنى بېكىتىدىغان تارىخىي ماتېرىيال تېخى ئاشكارىلانماي تۇرغاندا بۇنى ئەمەلىيەت دەپ بېكىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن «دىن» ۋە «مىللەت» ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈش، 1985 - يىلى خاتىرىلەش

مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن تۇنجى مەكتەپ ئاچقان ۋاقىتنى 1885 - يىلىغا ئۇلاشتۇرۇپ «تارىخىي ھەقىقەت» قىلىۋالغانىمدۇ، دەپ ئويلايمەن، لېكىن مۇساباي جەمەتىنىڭ 1907 - 1908 - يىللىرىدىن بۇرۇنمۇ ئىشقىلىپ مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى ئېھتىماللىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

㉓ «ۋاقىت» 577 - سان (1910 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى)، 634 - سان (1910 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)، 650 - سان (1910 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى)، 1492 سان، (1914 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئۇيغۇر بالىسى) 1565 - سان (1914 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) لەرنىڭ بىرقانچە ماقالىسى بېرىلگەن.

㉔ «ۋاقىت» 1420 - سان (1914 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نۇرمان تۇرسۇنوف)، 2037 - سان (1916 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى نوشىرۋان يائوشېف). «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئابدۇقادىرداموللىنىڭ ماقالىسى بېسىلغاندا، مۇھەررىر ئۇنىڭ «جاۋاھىرىل ئىقات» دېگەن ئەسىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇ كىتابنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقىتتىكى تەسىراتىنى مەزكۇر ئاپتور شام (سۇرىيە) ياكى مىسىرلىق ئالىم بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىم. بۇخارادا ئوقۇغان، ئەرەب تىلىــــدا مۇشۇنداق مۇنازىرىلىشەلەيدىغان، قەسىدە توقۇيالايدىغان باشقا كىشىنىڭ بارلىقى يادىمدا يوق دەپ بايان قىلىپ تەھسىن ئوقۇغان («شۇرا» ژۇرنىلى 1915 - يىلى 23 - سان، 722 - بەت. يەنە «ئابدۇقادىر داموللا كىمدۇر» دېگەن ئاخبارات «شۇرا» ژۇرنىلىغا پۈتۈن سەھىپە بويىچە نەچچە رەت بېسىلغان («شۇرا» 1916 - يىل 7 - سان، 183 - بەت، 1917 - يىل 1 - سان، 24 - بەت)، خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، ئۈرۈمچى، 1990 - يىل نەشرى، 12 -، 16 - بەتلەر. «ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇشتا تۇغۇلغان، كېيىن قوقاندا 2 يىل ئوقۇغان. 1890 - يىللاردا بۇخارادا 8 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1907 - يىلى ھەج قىلىپ قايتىشىدا ئىستانبۇل ۋە مىسىردا 2 ئايدەك تۇرۇپ، شۇ يەردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئالىملار بىلەن دوستلاشقان، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن قەشقەرلىكلەرنى تەرەققىيات، يېڭىلىق، ئىسلاھاتتا يېتەكلىگەنلىكتىن، يۇرتىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قايتىدىن قوقان ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن 1911 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

㉕ «ۋاقىت» 546 - سان (1909 - يىل 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى).

㉖ خامادانىڭ ماقالىسى 34 - بەت.

㉗ «ۋاقىت» 451 - سان (1909 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى)، 643 - سان (1910 - يىل 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى)، 645 - سان (1910 - يىل 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى).

㉘ «ۋاقىت» 972 - سان (1912 - يىل 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى)، 1093 - سان (1912 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى)، 1152 - سان (1913 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى)، 1192 - سان (1913 - يىل 5 - ئاينىڭ 4 - ۋە 5 - كۈنلىرى) 1311 - سان (1913 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى).

㉙ «ۋاقىت» 1293 - سان (1913 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گۇلجالىي)، بۇ خەۋەر ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «تۈرك يۇردۇ» نىڭ ژۇرنىلىغا ئۇلاپ بېسىلغان («تۈرك يۇردۇ» 5 - سانلىرى، 911 -، 912 - بەتلەر)، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە كۆچلىنى ئىپادىلەيدىغان مۇساباي جەمەتىدىن باۋۇدۇن باينىڭ نامى تۈركىيىلىكلەر ئارىسىدىمۇ تونۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

㉚ «ۋاقىت» 2037 - سان (1916 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، نوشىرۋان يائوشېف). بۇ چاغدا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغىلى بولمىدى. ئۇ مۇدەررىسلىك قىلغاچ كىتاپ يېزىپ كۆپ نەتىجىلەرنى قازانغان (ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» 353 - بەت)، ئېھتىمال، ئۇ يېڭى ئۇسۇلدىكى مەكتەپنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى دەرس ئۆتۈشتەك قېلىپلىشىپ قالغان ئىشلارنى كېيىنكىلەرگە تاپشۇرۇۋېتىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

㉛ ئەخمەت كامال: ئېلكۆل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» (ئىستامبۇل 1955 - يىل نەشرى، تۈركچە) 18 - 20 - بەتلەر؛ ئەخمەت كامال «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» نى نەشر قىلىشتىن ئىلگىرى «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» (ئەخمەت كامال ھەبىبزادە، ئىزمىر، 1925 - يىل نەشرى، تۈركچە) نى يازغاچقا ئىككى ئەسەردىكى بايانلاردا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقنى بايقايمىز (خامادانىڭ ماقالىسى 36 -بەت). شۇڭا بۇ ماقالىدە نەشر قىلىنغان مەزگىلى ۋە بايانلارنىڭ مەزمۇنى كونكرېتراق بولغان ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ كىتابىنى ئاساس قىلىپ پايدىلاندىم. لېكىن ئۇ 2 ئەسەر ئەسلىمە بولغاچقا، ئەمەلىيەتنىڭ بۇرمىلانغان ياكى كۆپتۈرۈلگەنلىك ئېھتىماللىقى بارلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار (34 -، 58 - ئىزاھلارغا قاراڭ). بۇ ماقالىدىكى «ۋاقىت» نىڭ خەۋەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، خامادا ئەپەندى تونۇشتۇرغان ئەخمەت كامالنىڭ پائالىيەت جەريانىنى قايتىدىن بېكىتسەك بولغۇدەك.

㉜ ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ كىتابى، 22 -، 35 - بەتلەر.

uyghurkitap.com



(33) ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ كىتابى، 35 ـ ، 45 ـ بەتلەر. ئەقىلغا سىغمايدىغان يېرى شۇكى، ئەخمەت كامال ئىلكۆلنىڭ كىتابىدا ئۆمەربايىنىڭ ئىسمى پەقەت تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا قەشقەردىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆمەربايىنمۇ قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكىنى ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ خاتىرىسى بىلەن «ۋاقىت» نىڭ خەۋەرلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ۋاقىت» 1813 ـ سان (1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋشېۋ). 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋشېۋ)، ئەخمەت كامال «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» دە مۇتەئەسسىپلەرگە قارىتا ئىسلاھاتچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پائالىيىتى ۋە تۆھپىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن سېلىم ئاخۇن دېگەن دىنىي نوپۇزى بار كىشىنى ئەشەددىي دۈشمەن قىلىپ يېزىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى باردەك قىلىدۇ.

(34) «ۋاقىت» 1795 ـ سان (1915 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، نوشىرۋان ياۋشېۋ، بۇ خەۋەردە ئاخۇنبايوف دەپ خاتىرىلەنگىنى، ئۆمەر ئاخۇنباي دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئۆمەرباي بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلدىم.

(35) سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» 135 ـ بەت. قەشقەر شەھرىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئۆمەربايىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا ئۈستۈن ئاتۇشتىكى مۇساباي جەمەتى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتىدىمۇ ئوخشاشلىق بار دەپ قارايمەن. غۇلجىدىكى ھۈسەيىن باي بولسا ئائىلە چارۋىلىرىنىڭ ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئارازلىشىپ قالغان (شيې شياۋ جۇڭنىڭ كىتابى، 156 ـ بەت).

(36) ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 30 ـ ، 31 ـ بەتلەر.

(37) «ۋاقىت» 1930 ـ سان (1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋشېۋ)، بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم»، 80 ـ بەت.

(38) ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 107 ـ ، 108 ـ بەتلەر.

(39) «ۋاقىت» 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نوشىرۋان ياۋشېۋ).

(40) كوماسىنىڭ كىتابى 59 ـ ، 60 ـ بەتلەر.

(41) «ۋاقىت» 1820 ـ سان (1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋشېۋ)، ھەمدۇللا تارىم: «تۈركىستان: 1931 ـ ، 1937 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاب تارىخى»، ئىستانبۇل، 1983 ـ يىل نەشرى، تۈركچە، 222 ـ بەت.

(42) ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 35 ـ ، 36 ـ بەتلەر، ئەخمەت كامال ئىلكۆل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» 55 ـ ، 56 ـ بەتلەر.

(43) ئەخمەت كامال ئىلكۆل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر»، 54 ـ بەت.

(44) ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 31 ـ بەت.

(45) يۇقىرىقى كىتاب: 40 ـ ، 44 ـ بەتلەر، ئەخمەت كامال ئىلكۆل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» 60 ـ بەت

(46) «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 51 ـ ، 54 ـ بەتلەر: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» 66 ـ بەت، «ۋاقىت» 1860 ـ سان (1915 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئابدۇرېھىم)، 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋشېۋ).

(47) خامادا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى، 37 ـ بەت.

(48) «ۋاقىت» 1644 ـ سان (1914 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ھاجى مۇھەممەد نەۋرۇز ھاجى ئوغلى)، ھاجى ئەلى بەزىدە نەۋرۇز زادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى دېيىلىدۇ. «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 30 ـ بەت.

(49) يۇقىرىقى كىتاب 63 ـ بەت.

(50) قەشقەرنى زىيارەت قىلغان روسىيىلىك بىر تاتار ھازىر بۇ (خەنزۇ تىلى) مەكتەپلەر پۈتۈنلەي كېرەككە كەلمەي قالدى، بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار ھۆكۈمەت تىلى (يەنى خەنزۇ تىلى) نىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۈشەنگەندەك قىلىدۇ دەپ بايان قىلىدۇ. «ۋاقىت» 1816 ـ سان (1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى نوشىرۋان ياۋشېۋ).

(51) خامادا ماسامى «تۈزھەققى» بىلەن «غازاتنىڭ ئارىسىدا» (شەرق تارىخى تەتقىقاتى 52 ـ توپلام، 2 ـ سان، 1993 ـ يىل 122 ـ 148 ـ بەتلەر).

(52) «ۋاقىت» 1206 ـ سان (1913 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى)، بۇ «بېيجىڭ پارلامېنتى» 1913 ـ يىل 4 ـ ئايدىن باشلانغان جۇمھۇرىيەت پارلامېنتىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىنمۇ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ھەر بىرىگە ئون نەپەردىن نامزات تاللانغان. پالاتا ئەزاسى سالاھىيىتىگە «خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولغان بولۇشى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە بولغانلىقى

ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە تۈركىي مۇسۇلمانلاردىن ئەزا تاللاپ چىقىش ئاسانغا چۈشمىگەن. پارلامېنت توغرىسىدا مائارىپ مىنىستىرلىكى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلۇش تارىخى»، 2 - سەھىپە جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، تەيبېي، 1987 - يىل نەشرى 521 -، 585 - بەتلەر.

53 خامادا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى، 39 -، 40 - بەتلەر؛ ئەخمەت كامال يارباغدىكى مەكتەپنىڭ ئېچىلغان كۈندىكى كەيپىياتىنى «بۇ كۈنى باشقىچە بىر كۈن بولدى، تۈركىيىنىڭ تەسىرى ۋە تۈركلەرنىڭ شان - شۆھرىتىنىڭ ھەممە ياقنى قاپلىغانلىقى نامايەن بولدى، دەپ ئەسلەپ، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ تىلىنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپكە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قەستەن يوشۇرۇپ قالغان.

54 ئاتۇش ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى: «مەشئەل»، 1885 — 1985، 49 -، 51 - بەتلەر. بۇنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى، 1952 — 195 - يىلغىچە ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان ئىمىنجان تۇرسۇن يازغان.

55 چېن خۇيشېڭ: «ياڭ زېڭشىننىڭ يېڭى ئېقىملارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى» («غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر مەجمۇئە»، 1 - توپلام، ئۈرۈمچى، 1985 - يىل نەشرى؛ 250 -، 266 - بەتلەر. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم، 55 -، 59 - بەتلەر.

56 «ئۆمۈر داستانى» 40 -، 45 - بەتلەر؛ «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» 354 - بەت.

57 قەمەرجان: «مىللىي ئىنقىلابىي دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم توغرىسىدا» («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»، قەشقەر، 1988 - يىل نەشرى، 95 -، 96 - بەتلەر.

58 «مەشئەل» 10 - بەت. باۋۇدۇن باي غۇلجىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇساباي جەمەتى قەشقەردە ئوقۇيدىغانلارغا ياردەم قىلىشنى توختاتقان. «مەشئەل» 58 - بەت.

66 يۇقىرىقى كىتاب 73 - بەت.

59 يۇقىرىقى كىتاب 106 -، 113 - بەتلەر.

60 ئابدۇقادىر ھاجى: «1933 — 1937 - يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى، 1986 - يىلى نەشرى، 6 -، 9 - بەتلەر.

61 «مەشئەل» 19 - بەت، «قەشقەر شەھىرى تارىخى ماتېرىياللىرى»، 96 -، 97 - بەتلەر.

(قوشۇمچە) بۇ ماقالىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن كوماسى خىسائو ئەپەندى بىلەن خورى سۇخائو ئەپەندى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ياپونچە «شەرقىيەت (تويو) ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 78 - توپلام 1 - سان، 1996 - يىل 6 - ئايدىكى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

(بېشى 44 - بەتتە)

خەتلىرى كۆركەم ۋە ياخشى ئىدى. بۇ مەتبەئەدە «ھەپتىيەك» زىر - زەبەرلىرى بىلەن بېسىلىپ، تالىپلار ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىنىپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىنىي تەلىم كىتابلىرى بېسىلىپ، دىنىي جەمئىيەتكە زور خىزمەت قىلدى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىل 2 -، 4 - سانلىرى.
2. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى 1998 - يىل 1 - سان.
3. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1989 - يىل 1 - نەشرى 152 - بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

www.uyghurkitap.com

# خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى

ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## 3. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خوجا ئىسھاق قەشقەرگە كېلىپ، ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەندە يەنى 1620 ـ يىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ زېمىنغا كېلىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەنلىكىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغانىدى.

ئاق تاغلىق خوجىلارغا مەنسۇپ ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرىلەردىن «سىلسىلە تۇز زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ۋە «تەزكىرەئى پىرياران» قاتارلىق تەزكىرىلەردە ۋە باشقا ئەسەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىشان كالان ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى خوجامۇھەممەت يۇسۇپكە موغۇلىستانغا بېرىپ ئۇ يەردىكى خەلقنى «ھىدايەتكە باشلاشنى، تۇرپان، قۇمۇللارغا بېرىشنى» تاپىلىغان. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) موغۇلىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. تەزكىرىلەردە ئۇنىڭ قۇمۇلغا كېلىش ۋە قۇمۇلدا تۇرۇپ قالغان قەشقەرلىك سەيىد جېلىل ئىسىملىك تەقۋادار كىشى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانلىرى سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. بۇ بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قۇمۇلغا كېلىشى ۋە ئۇ يەردە سەيىد جېلىل قەشقەرىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىمگە ئۆيلىنىشى مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ دادىسى «ساھىبى كارامەت (كارامەت ئىگىسى) ئەۋلىيا» ئىشان كالاننىڭ چۈشىگە ئالدىن «بىشارەت» سۈپىتىدە ئايان بولغانمىش. شۇڭا ئۇ ئوغلى مۇھەممەت يۇسۇپنى موغۇلىستان تەرەپلەرگە جۈملىدىن قۇمۇلغا بېرىشقا ئۈندەپ ۋەسىيەت قىلغانمىش. ئۇندىن باشقا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قۇمۇلغا كېلىشى سەيىد جېلىل قەشقەرىنىڭمۇ چۈشىگە ئايان بولۇپ، قىزىنى مۇھەممەت يۇسۇپكە ياتلىق قىلىش توغرىلىق بىشارەت بولغانمىش.

يۇقىرىدىكى تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، سەيىد جېلىل قەشقەرى نەسەب جەھەتتىن ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ، قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقلاردىن قېچىپ قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان⑥①.

سەيىد جېلىل قەشقەرى تەقۋادارلىقى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ كېلىشى ۋە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىش توغرىلىق ئالدىن چۈش كۆرۈپ «بىشارەت» كە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قۇمۇل خەلقىگە باشقا يۇرتتىن ئادەم كېلىپ قالسا ئۆزىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، چۈشىدىكى «بىشارەت» بويىچە قىزى زۇلەيخا بېگىمنى مۇھەممەت يۇسۇپكە ياتلىق قىلىدۇ. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سەيىد جېلىل قەشقەرىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن شېئىرىيەتتە ئىستېداتى يۇقىرى، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، بۇ ھەقتە «سىلسىلە تۇز زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) دە مۇنداق دېيىلگەن: «خوجا مۇھەممەت ھاجى يۇسۇپ خوجام جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. زۇلەيخا بېگىممۇ تەڭداشسىز ئىستېداد ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى»⑥②. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىستېداتى بىلەن پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى چوققىلىرىدىن بىرى خوجا ھاپىز شىرازى (1300 — 1389) نىڭ شېئىرلىرىنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان.

ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ئەينى ۋاقىتتا تۈزۈلگەن «باياز» لارغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن بىر قىسمى رەتلىنىپ نەشر قىلىندى[63].

دېمەك مۇھەممەت يۈسۈپكە ياتلىق قىلىنغان زۇلەيخا بېگىم ئەدەبىي جەھەتتە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. ئۇ خوجا مۇھەممەت يۈسۈپكە ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، 3 ئوغۇل تۇغقان. بۇلاردىن چوڭىنىڭ ئىسمى خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا نامى بىلەن تونۇلغان). ئىككىنچىسى خوجا ئىنايىتۇللا (كارامەتۇللا خوجا نامى بىلەن تونۇلغان)، ئۈچىنچىسى ۋىلايىتۇللا خوجا ئىدى. بۇلاردىن باشقا زۇلەيخا بېگىم يەنە 2 قىزمۇ تۇغقان.

خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ قۇمۇلدا 10 نەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، مىلادى 1638 ـ يىللار ئەتراپىدا 11 — 12 ياشقا كىرگەن ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ ئابدۇللاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلانغان (1638 ـ يىللىرى) ۋاقىت ئىدى.

ئابدۇلېتىپخان 12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، ھىجرىيە 1040 ـ يىلى (مىلادى 1630 — 1631 ـ يىللىرى) ئەتراپىدا 26 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ئىچىدە ئەخمەتخان (پولاتخان) بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى مەھمۇتخان (قىلىچ خان) نۆۋەت بىلەن تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئەخمەتخان بىلەن مەھمۇتخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردا خوجا شادى ئارىغا چۈشۈپ سالاچىلىق قىلىپ تۇردى. كېيىن مەھمۇتخاندىن رەنجىپ قېلىپ ئەخمەتخاننى يۆلىدى. «ھەزرىتى ئىشان فۆڭگى خەلىپە لەقەملىك ھاپىز نەسىر خەلىپە ۋە مىرزا مەزىدبەگ خەلىپەلەرگە «قىلىچ خاننى دۇنيادىن يوقىتىپ پولات خاننى ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى . . . فۆڭگى خەلىپە ۋە خەلىپە بەگلەر پولاتخاننى زىلچىغا ئولتۇرغۇزۇپ خانلىققا كۆتۈردى. بۇ ئىشانلاردىن بىكار بولۇپ بىر سائەت ئۆتمەيلا قىلىچ خان ئاكىسى پولات خاننى كۆرگىلى كەلدى. . . قىلىچ خاننى ئازراق ھاراق كەيپى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا كەلدى. پولاتخاننىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قورقۇپ كەتتى . . . فۆڭگى خەلىپە بىلەن خەلىپە بەگلەر مۇنداق دېدى: «بىز بۇ ئىشنى ئۆزىمىزچە قىلمىدۇق. ھەزرىتى ئىشاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدۇق. قورقماڭلار، كۆچلۈك يۈرەكلىك بولۇڭلار» شۇ كېچىسى قىلىچ خان ئوردىغا كېلىپ قان قۇسۇپ بۇ دۇنيادىن قايىتتى. ئەتىگىنى ئەمەلدارلار ۋە كاتتىلار ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ سۇلتان مەھمۇتخاننىڭ ھالاك بولغانلىقىنى جاكارلىدى، ھەزرىتى ئىشان، ئەمەلدارلار، ۋەزىرلەر ۋە چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شامالباغقا بېرىپ سۇلتان ئەخمەتخاننى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ خانلىققا كۆتۈردى. بۇ كارامەت ھەزرىتى ئىشاندىن يەنى ھەزرىتى خوجامدىن يۈز بەردى»[64].

شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ بۇ مەلۇماتلىرىدىن خوجا شادى يەنى خوجا يەھيانىڭ مەھمۇتخاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئەخمەتخاننى خانلىققا كۆتۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

دېمەك خوجا شادى ئەمدىلىكتە خانلىقنىڭ سىياسىي ھاياتىدىمۇ بىۋاستە كونترول قىلغۇچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى قوللىمىغان ياكى ئېتىبارسىز قارىغان خانلارنى ئۆز مۇرىتلىرى ئارقىلىق يوشۇرۇن قەستلەشتەك «كارامەت» لىرى ئارقىلىق ئۆزى مايىل بولغان خانلارنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىپ ئەمەلىي ھوقۇقنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا قاراپ ماڭغانىدى. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، خەلىپىلەرگە پولاتخاننى خانلىققا كۆتۈرۈپ، قىلىچ خاننى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇغانلىقىنى ۋە قىلىچ خاننى ئوردىدا ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېنىق يېزىپ تۇرۇپ يەنە «بۇ كارامەت ھەزرىتى ئىشاندىن يەنى ھەزرىتى خوجامدىن يۈز بەردى» دەپ بۇنى خوجا شادىنىڭ «كارامىتى» سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنى «ئىشان» ، «خوجا» دەپ ئاتىشىۋالغان بۇ ئاتالمىش «ئەۋلىيا» لارنىڭ «كەشىپ كارامەت» لىرىنىڭ ھەممىسى مانا شۇنىڭغا ئوخشاش سىياسىي مۇددىئا يولىدىكى سۇيىقەستتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مۇرىتلىرى بولسا، بۇنى ئۆز خوجىلىرىنىڭ «كارامەت» لىرى، «ئەۋلىيا» لىقى دەپ كۆككە كۆتۈرۈشەتتى. شاھ مەھمۇت جۇراستەك ئوقۇمۇشلۇق تارىخشۇناسنىڭمۇ ۋەقەنىڭ جەريانىنى شۇنچە ئېنىق بايان قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بۇ سۇيىقەستنى خوجىنىڭ كارامىتى دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى بۇ نۇقتىنى ئېنىق دەلىللەيدۇ.

ئەخمەتخان خوجا شادىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە قوللىشى بىلەن 2 ـ قېتىم ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، خوجا شادىغا تېخىمۇ زور ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ـ زېمىن تارتۇق قىلىدۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خوجا شادى ئەخمەتخان بىلەن سوغۇقلىشىپ قېلىپ، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئاقسۇدا تۇپىلاڭ كۆتۈرگەن ئابدۇللاخان قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇنىڭغا مايىللىق بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جۇراس «ھەزرىتى ئەزىز ئابدۇللاخان تەرەپكە مايىل بولدى. ھەزرىتى ئەزىزنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئابدۇللاخان ساق ـ سالامەت ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى» دەيدۇ[65].

ئابدۇللاخان قايتا كۆچ توپلاپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ يەركەننى ئالغاندىن كېيىن، خوجا شادى ئابدۇللاخانغا تېخىمۇ مايىللىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى قارشى ئالغان. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشان كالانىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپ ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

قۇمۇلدىن قەشقەرگە كېلىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا بۇ ھەقتە «ئول ۋاقىتدا ھەزرىتى ئىشان كالاننىڭ ئوغلانلىرى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ، ھەزرىتى خوجا ئاپاق ئىسىم ئەسلىلەرى خوجا ھىدايەت خوجام بۇ ئىككىلەرى كاشغەرغە تەشرىف كەلتۇردىلەر. كاشغەر خەلقى ئۇلارنىڭ ئەئىزاز ئىكراملەرىنى بىجا كەلتۇردىلەر» دېيىلگەن[66].

مۇھەممەت يۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قىبىناتىنسى سەيىد جىلىلىنىڭ شەھەر سىرتىدىكى قاراساقال دېگەن يەردىكى ئۆي - جايلىرىغا چۈشىدۇ ھەم شۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. جۈمە كۈنلىرى شەھەرگە كىرىپ چوڭ جامەدە جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ مۇرىت توپلاشقا باشلىغانىدى. تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، شۇ مۇرىت بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللاخاننىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرىدىنمۇ بىرسى بار ئىكەن[67].

بىر كۈنى ئابدۇللاخان ئالىم - ئۆلىمالارنى يىغىپ خوجا ھاپىزنىڭ 2 مىسرا شېئىرىنى ئېيتىپ ئۇلارغا شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىشنى بۇيرۇيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەشكەن مەنىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خاننىڭ كۆڭلىگە ياقماي، ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خان «ئەگەر كىم مۇشۇ 2 مىسرا شېئىرنى مېنى قانائەتلەندۇرگىدەك يېشەلىسە، مەن شۇ كىشىنى پىر تۇتىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. مۇھەممەت يۇسۇپكە مۇرىت بولغان ھېلىقى خىزمەتچى خانغا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ تەرىقەتتە كامىل ئىكەنلىكىنى، بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى شۇ كىشى يېشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئابدۇللاخان بۇ خىزمەتكارنىڭ پىكرى بويىچە كېلەر جۈمەسى جۈمەدىن يېنىشىغا راۋاقتا چىقىپ قاراپ تۇرىدۇ. ھېلىقى خىزمەتچى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. خان قارىسا خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ «خەرسوۋار (ئېشەككە مىنىپ) كېتىپ بارادۇر» [68]. شۇنىڭ بىلەن خان ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن زەرئىگەر توقۇملۇق ئارغىماقنى ئەۋەتىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ «دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ئاللىقاچان كۆڭۈل ئۈزۈپ، تەقۋادارلىق يولىنى تاللىغان ئۈچۈن بۇنداق زەر توقۇملۇق ئارغىماقلار مىنىپ ئوردا ھەشەملىرىگە يېقىن يولاش گۇناھ پاتقىقىغا پاتقانلىق بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھلى تەقۋالىقىنى پەش قىلىپ ئارغىماققا مىنىشنى ۋە ئوردىغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. خىزمەتكارنىڭ قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن نائىلاج ئوردىغا بېرىپ خانغا شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئارغىماققا ئۆزى مىنمەي ئوغلى ھىدايىتۇللانى مىندۈرۈپ ئۆزى يەنىلا ئېشەككە مىنىدۇ. ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇ ئېيتقان 2 مىسرا شېئىرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ. ئابدۇللاخان ئۇنىڭ بۇ يەشمىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى پىر تۇتىدۇ[69]. ئاق تاغلىقلارغا تەئەللۇق ئاپتورلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللانىڭ قەشقەرگە كېلىش جەريانى ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان.

مۇھەممەت يۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خوجا ئەھرارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ، بۇخارا، سەمەرقەندلەرگىچە بارغان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى ئىشان كالان بىلەن كۆرۈشۈپ سىرداشقان. ئابدۇرازاق قازى ئۆزىنىڭ بارلىق مۇرىت - مۇخلىسلىرى بىلەن كېلىپ، خوجا مۇھەممەت يۇسۇپكە قول بېرىدۇ، ئابدۇرازاق قازى قەشقەردىكى دىندارلار ئارىسىدا ئورنى يۇقىرى بولۇپ، مۇرىتلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇ مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىنى يىغىپ «ئەي قەشقەر خەلقى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلەر ماڭا ئىخلاس قىلىپ كەلدىڭلار. مەن سىلەر ئۈچۈن پەقەت تەيەممۇمدىنلا ئىبارەت، خالاس. تەيەممۇم دېگەن سۇ يوق ۋاقىتتىلا دۇرۇس بولىدۇ. مانا ئەمدى دەريا بويىغا كەلدىڭلار، تەيەممۇمنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. ئەمدى بىزنى ھىدايەتكە باشلايدىغان خوجا كەلدى. بۇ خوجىغا بويسۇنۇش بىز ئۈچۈن پەرزدۇر» دەيدۇ[70].

بۇنىڭ بىلەن خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرى كۆپىيىپ تەسىرىمۇ كۈنسېرى ئېشىشقا باشلايدۇ. ئابدۇللاخانمۇ ئۆزىنىڭ يېگىلا تىكلىگەن خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بۇ خوجىلارغىمۇ بىر ئاز مايىللىق بىلدۈرۈپ ئۇلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئابدۇللاخاننىڭ قەشقەرنىڭ ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى يولۋاسخان دادىسى بىلەن قارشىلىشىپ، دادىسىغا ئانچە ئىتائەت قىلمايۋاتاتتى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئوغلى يولبارس سۇلتان ئابدۇللاھ خانغا گۇستاخلىق قىلىپ ئىتائىتىنى مەھكەم تۇتماس ئەردى. ئەمما ھەزرەتى خابەئافاققە بىسيارگە ئىزاز ئىكرام ئىلتىپات قىلىپ تۇرار ئەردى»[71]. يولۋاسخان دادىسى بىلەن بولغان كۈرەشتە، يەركەندىكى ئىسھاقىيە يەنى «قاراتاغلىق» خوجىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرى يەنى «ئاق تاغلىقلار»نى قوللاپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن ھەم كۆپلىگەن يەر - زېمىنلارنى ئىنئام قىلغان ھەم ھىدايىتۇللا خوجىنى ئۆزىگە پىر تۇتقان.

قەشقەردە خېلى تەسىر قوزغاپ، يولۋاسخاننىڭ ھامىيلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ئوغلى ھىدايىتۇللا ئۆزلىرىگە ئىنئام قىلغان زېمىنلارنى بازا

قىلىپ مۇرىت كۆپەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشقىيە گۇرۇھىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ گۇرۇھقا خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا باشچىلىق قىلىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ھىدايىتۇللا خوجىلار يولۋاسخاننىڭ ئاتىسىغا قارشى كۈرەشلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ قىزغىن قوللىغان. چۈنكى خانلىقنىڭ پايتەختى يەكەن «ئىسھاقىيە» چىلەرنىڭ يەنى قاراتاغلىقلارنىڭ ماكانى بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت يەنى ئابدۇللاخان قارا تاغلىقلارنى قوللايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يولۋاسخانغا ماسلىشىپ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ رەقىبى بولغان قارا تاغلىقلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئىدى.

دېمەك، ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خېلى كۆپ مۇرىت توپلاپ كۈچلىنىپ بەلگىلىك تەسىر دائىرىگە ئىگە بولغان ھەم سىياسىي ھىماتچىغىمۇ ئېرىشكەنىدى.

ئابدۇللاخان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىر قانچە خانلارنىڭ تەختكە چىقىشىدا بىۋاستە رول ئوينىغان خوجا شادى بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىنغا ئىگە چوڭ فېئودالغا ئايلىنىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ پۈتۈن دىنىي ھاياتىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئېلىپ بولغان ھەم يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىغىمۇ بىۋاستە قول تىقىدىغان دەرىجىگە يېرىپ يەتكەنىدى.

ئەمما ئۇ دادىسى خوجا ئىسھاقتەك قەتئىي ھەم جۈرئەتلىك بولمىغاچقا، بۇ ۋاقىتتىكى مالىمانچىلىقلاردا، بولۇپمۇ ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەردە مەيلى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشتا بولسۇن ياكى ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرى بولغان ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرىغا قارشى كۈرەشتە بولسۇن ئانچە يېتىشىپ بولالماي قېلىۋاتاتتى(72). چۈنكى ئىلگىرى ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان رەقىبلىرى تېخى باش كۆتۈرۈپ چىقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارمۇ قەشقەردە مۇرىت توپلاپ بازا قۇرۇپ، يولۋاسخاننى قوللاۋاتاتتى. يولۋاسخان بىلەن ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر تەرەپتىن مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تالىشىش كۈرۈشى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، قارىمۇقارشى 2 گۇرۇھ خوجىلار يەنى ئىسھاقىيە بىلەن ئىشقىيە گۇرۇھىنىڭمۇ ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى ئىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا يەنى ھىجرىيە 1055 ـ يىلى (مىلادىيە 1645 ـ يىلى) ئىسھاقىيەنىڭ باشلامچىسى خوجا يەھيا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ(73). مۇرىتلىرى ئۇنى يەركەنگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ جانابنىڭ جىنازىسىنى خوجا خەلپە ئەلەيھىر رەھمە ئېلىپ كەلدى. ئابدۇللاخان بارلىق ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە چوڭ ـ كىچىك ئادەملىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى»(74).

خوجا شادىدىن ئۇبەيدۇللا ۋە ئابدۇللا ئىسىملىك 2 ئوغۇل قالغان. ئۇ ئۆلگەندە ئوغۇللىرى تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خوجا شادىنىڭ خەلىپىسى، ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئوغلى خوجا سوپى ۋارىسلىق قىلغان. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس شۇ چاغدا، بارلىق يارانلار گۇرۇھىنىڭ باشلىقى، خەلىپىلەرنىڭمۇ خەلىپىسى، بەلكى ئۇ ئالىيجاناب مەرھۇمنىڭ ئورۇن باسارى ئاشۇ خوجا سوپى خەلىپەم ئىدى» دەپ يازىدۇ(75).

خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا مۇھەممەت يۇسۇپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارا تاغلىقلارنىمۇ ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە «بىر نەسەپتىكى 2 گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كونا زىددىيەتنى ياراشتۇرۇپ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئىشنى بىرلىكتە راۋاج تاپقۇزىمىز»(76) دېگەن چىرايلىق نام ئاستىدا، خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمىگە پەتە قىلىش باھانىسى بىلەن قەشقەردىن يەركەنگە كېلىدۇ. ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەت يۇسۇپكىمۇ مايىللىق بىلدۈرۈپ ئىخلاس قىلماقچى بولىدۇ. بۇ خوجا شادىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، خوجا شادىنىڭ 2 ئوغلىنى بويىنىغا مىندۈرۈپ، خاننىڭ ئالدىغا كىرىپ قارشى چىقىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا بۇنىڭ جەريانى تۆۋەندىكىچە قەيت قىلىنغان: «شول كۈنى ھەزرىتى خوجا شادى خوجام پادىشاھنىڭ خەلىپىلىرى جەمئىي بولۇپ، 2 ئەزىز مەخدۇمزادىنى بويۇنلىرىغە كۆتۈرۈپ، جەمئىينىڭ ھوزۇرىدا خانغا ئەرز قىلدىكى: ‹يا پادىشاھى ئادالەت پاناھ، دادكى بىرەۋنىڭ مۈلكى ـ مالىنى بىرەۋنىڭ تەسەررۇپ قىلماغى بىھەسشەرىئەت ۋە ئادالەت راۋامدۇر؟›، خان سورىدىكى: ‹ۋاقىئەنەدۇر؟›، خەلىپىلەر ئېيتتىكى: «خان باشلىغىن ھەممەلەرنى بىزنىڭ پىرىمىزغە ئىنابەت قىلىپ ئىدىلەر، پىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى بولماغان بىرلە، روھلەرى ھازىردۇرلەر. 2 مەخدۇمزادىمىز باركى ئەگەر نارسىدە دۇرلەر، ئەمما كارلارى رەسىدە نەچەند خەلىپىلىرىمىز باركى ئەگەرچە ھەقىرنامادۇرمىز. . . ھالائىشتەدۇرمىزكى، تاڭلاخابە مۇھەممەت يۇسۇپ ئەزىزگە خان ئىرادەت قىلۇر ئىمىش. بائىس نەدۇركى، ئۆز مۇرشىدىدىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بىر مۇرشىدگە تەلەپ قىلسەلەر قايىلدۇر. . . ئەگەر زۇئىمە قىلسەلەر رۇخسەت بەرگەيلەركى مەخدۇمزادىلىرىمىزنى ۋە پىرىمىزنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى ئېلىپ ھەممەمىز بەدەر كەتكەيمىز›»(77).

شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تەۋارىخ» تا بولسا، خوجا

uyghurkitap.com

مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ يەكەنگە كېلىشىدىكى غەرىزى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك خوجا شادىنىڭ خەلىپىلىرى ئۇنىڭ 2 ئوغلىنى كۆتۈرۈپ خاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەرز قىلغاندىكى سۆزلىرىدە تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا «بىرسى بەلكى بىر ئوغرى كېلىپ تەسەررۇپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەندەك شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن[78]. ھەتتا خوجا شادىنىڭ ئورۇن باسارى خوجا سوپىنىڭ، خوجا شادىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئەي «ئۇلۇغلار، مۇشۇ يەردە بىر سائەت ساقلاپ تۇرۇڭلار! سىلەرنىڭ مىراسىڭلارنى بىر شەخس تەسەررۇپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن» دېگەنلىكى بىرسىنىڭ چۈشىگە ئايان بولغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان[79].

ئەمەلىيەتتە، بۇ خوجا ئىسھاق ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىياز ۋە ئورنىنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كېتىشىگە بولغان قارشىلىقى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ خوجا شادىنىڭ خەلىپىلىرى، مۇرىتلىرىنىڭ قارشىلىقى بىلەن ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپكە قول بەرمەيدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىلاجىسىز قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىراق قەشقەرگە تېخى يېتىپ بارمايلا، يېڭىساردا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ[80]. ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، ئۇ خوجا شادىنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ، يەنى قارا تاغلىقلارنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. ھىدايىتۇللا خوجا دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، يېڭىسارغا كېلىپ دادىسىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ «ياغدۇ» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە ھەشەمەتلىك گۈمبەز سالدۇرىدۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ يەر ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ مازارگاھىغا ئايلىنىدۇ.

خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ قەشقەرگە كېلىپ، ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئارغىماقتا ئۆزى مىنمەي ئوغلىنى مىندۈرۈشىدە ئەمەلىيەتتە ئوغلىنىڭ ئابروينى، ئورنىنى كۆتۈرۈش مۇددىئاسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئاتقا مىندۈرۈپ ئوغلىدىن سورايدۇ: «ئى، خوجا ئاپپاق، ئۆزىڭىزنى نېچۈك كۆرەرسىز؟» ئوغلى بولسا «ئۆزەمنى بىر پادىشاھى جاھان كۆرەدۈرمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ[81].

بۇنىڭدىنمۇ خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ قەشقەرگە كېلىشىدىكى غەرىزى ئۆزلىرىنىڭ «ئىشقىيە» گۇرۇھىنى كېڭەيتىش ئىكەنلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلى ھىدايىتۇللانى تەربىيىلەپ، گۇرۇھ بېشى قىلىش مۇددىئاسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دەرۋەقە ھىدايىتۇللا بويىغا يېتىشى بىلەنلا، ئۇنى «ئىشقىيە» نىڭ باشچىسى قىلغانىدى. «ئىشقىيە» ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ قولىدا تېخىمۇ كېڭىيىپ، كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ نامىمۇ «ئىشقىيە» دىن ئاق تاغلىققا ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى بولغان «ئىسھاقىيە» نىڭ نامىمۇ قارا تاغلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇربان ۋەلى خالىدېيك ئەپەندى «تەۋارىخ خەمسەئىي شەرقى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئاتالغۇلار توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاق تاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار دېگەنلەر ئەسلىدە ئاق تۇغلۇقلار ۋە قارا تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان. ئالدىنقىلار ئۆزلىرىگە ئاق تۇغنى بەلگە قىلغان. كېيىنكىلەر ئۆزلىرىگە قارا تۇغنى بەلگە قىلغان. شۇڭا ئۇلار دەسلەپتە ئاق تۇغلۇقلار ۋە قارا تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان، تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «تۇغ» دېگەن سۆزدىكى «ئۇ» ھەرپى «ئا» ھەرپىگە ئالمىشىپ «تاغلىق» بولۇپ قېلىپ، ئاق تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار دېگەن سۆزلەر پەيدا بولغان»[82].

يەنە بەزى ماتېرىياللاردا، خوجا ھىدايىتۇللا مۇرىتلىرىغا ئاق تەقىيە (دوپپا) كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. خوجا ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى خوجا ئابدۇللا مۇرىتلىرىغا قارا تەقىيە (قارا دوپپا) كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ 2 گۇرۇھ ئاق تەقىيەلىكلەر، قارا تەقىيەلىكلەر دەپ ئاتالغان. كېيىنچە تاۋۇش ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئاق تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار بولۇپ قالغان دەپ كۆرسىتىلگەن[83].

ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ گۇرۇھلارنىڭ ناملىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى ھۆججەتلىرىدىمۇ ئاق بۆكلۈكلەر، قارا بۆكلۈكلەر دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىنغان[84].

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ 2 گۇرۇھتىكىلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىنىش ئۈچۈن بىرسى ئاق تەقىيە، يەنە بىرسى قارا تەقىيە كىيىشىپ يۈرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنراق تۇرىدۇ. بۇ ناملار مەيلى قانداق پەيدا بولغان بولسۇن، «ئىشقىيە» بىلەن «ئىسھاقىيە» نىڭ شىنجاڭدىكى راۋاجىنىڭ مەھسۇلى ۋە يەرلىك ۋارىيانتى ئىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەن بۇ سۆزلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قارىمۇقارشىلىشىپ قالغانلىقىغا قارىتا قوللىنىدىغان سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ نامىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى چوڭ بۆلۈنۈشنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ 2 گۇرۇھ خوجىلارنىڭ جېڭگى - جېدەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنى 2 چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارغانىدى.

دېمەك ھىدايىتۇللا خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ باشچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە يولۋاسخاننىڭ ھىمايىسىدە تېز كېڭەيگەنىدى. شۇڭا ئۇ يولۋاسخاننىڭ دادىسى ئابدۇللاخان بىلەن بولغان كۈرەشلىرىگە يېقىندىن ماسلاشقان ھەم بىۋاستە قاتناشقانىدى.

خوجا شادىنىڭ 2 ئوغلىدىن خوجا ئۇبەيدۇللا كىچىكىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. خوجا ئابدۇللا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ قارا تاغلىقلارنىڭ باشچىسى بولىدۇ. ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەرنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئابدۇللاخان ئاجىزلاپ، قارا تاغلىقلارنى يۆلەش ئەمەس ھەتتا ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايۋاتاتتى. بۇ كۆرەشتە ئاخىرى يولۋاسخان غەلىبە قىلىدۇ. ئابدۇللاخان ھەج قىلىشتىن ئىبارەت «چىرايلىق» نام بىلەن تەختنى بىكارلاپ ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ. ھىدايىتۇللا خوجا يولۋاسخاننىڭ قارا تاغلىقلارنى باستۇرۇشقا قىزغىن مەدەت بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يولۋاسخان ئابدۇللاخانغا ياردەملىشىپ ئاقسۇغا بارغانلارنىڭ يەكەندە قالغان بالا - چاقىلىرىنى «ھەتتا ئاياللىرى بىلەن نارسىدە بالىلىرىغا قەدەر ھەممىنى قىرىۋەتتى»[85].

يەركەن خانلىقىنىڭ مەركىزىي ھوقۇقى يولۋاسخاننىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى، مەلۇم مەنىدە، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭمۇ غەلىبە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز رەقىبلىرى بولغان قارا تاغلىقلارنى قاتتىق تۈتقۇن قىلىپ، خانىقا مازارلىرىنى چۇۋۇپ، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، يوشۇرۇن - ئاشكارا شەكىللەردە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كىرىشىدۇ[86].

بۇ قىرغىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قارا تاغلىقلارنىڭ باشچىسى خوجا ئابدۇللا ئۆزىنىڭ بىر نەچچە خەلىپىسى ۋە يولۋاسخان چەتكە قاققان ئەمەلدارلارنى ئېلىپ ئاقسۇغا كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇنى ئىسمائىل خان ئۆز قولىغا ئېلىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاقسۇغا كېلىشتىن غەرىزىمۇ ئىسمائىل خانىنى قوللاپ، ئۇنى تەختكە چىقىرىش ئىدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلاپ، پارچىلىنىشقا يۈز تۇتۇۋاتقان داۋالغۇش ئىچىدىكى بۇ ۋەزىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك سىياسىي توقۇنۇش، كۆرەشلەرگە جۇڭغارلارمۇ ئىشتىراك قىلىپ، قارىمۇقارشى كۈچلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆرە قوللاشقا باشلىغانىدى.

بىر قاتار كۆرەشلەردىن كېيىن، جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى ۋە خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىسمائىلخان يەركەننى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس «1080 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 11 - كۈنى دۈشەنبىدە ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ھەزرىتى خانلار خۇشال - خورام ھالدا يەركەنگە يېتىپ كېلىشتى، ئۇلۇغلار، ئەمەلدارلار، چوڭ - كىچىك ھەممىسى جۇغلىشىپ كونا تۈزۈم بويىچە ھەزرىتى خاننى پادىشاھلىققا كۆتۈردى» دەپ يازىدۇ[87].

دېمەك، ھىجرىيە 1080 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 11 - كۈنى يەنى مىلادىيە 1670 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىسمائىل خان خوجا ئابدۇللا بىلەن يەركەنگە كىرىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانىدى. ھاكىمىيەتنىڭ ئىسمائىلخاننىڭ قولىغا ئۆتۈشى قارا تاغلىقلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنىڭمۇ بەلگىسى ئىدى. خانلىقنىڭ پۈتۈن دىنىي ھوقۇقى يەنى خوجا ئابدۇللانىڭ قولىغا ئۆتۈپ قارا تاغلىقلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىدۇ.

يولۋاسخاننىڭ ئوغۇللىرى ئىسمائىل خاندىن مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە چېكىنىدۇ. ئىسمائىل خان لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ. ھىدايىتۇللا غوجا ھەم قەشقەرگە يېنىپ كېلىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»دا ئىسمائىل خان بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن خوجا ئاپپاق خوجامنى كاشغەردىن ھەيدەپ چىقاردىلەر» دېيىلگەن[88].

ئەمما بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلاردا ئىسمائىل خان تەختكە چىقىپ قارا تاغلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئاق تاغلىقلار ئۈستىدىن قاتتىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەردە تۇرالماي، ئىلاجىسىز كەشمىرگە چىقىپ كەتكەن دەپ بايان قىلىنغان[89].

مەيلى قانداق ئەھۋالدا چىقىپ كەتكەن بولسۇن، ئۆز رەقىبلىرى بولغان قارا تاغلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يەركەن خانلىقىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشى ھەرىكەت قىلىشىغا پايدىسىز ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇ 2 گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك، قىساس تۇيغۇسىنى ئالغان كۆرەشلەرنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى ئىسمائىلخاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن ھەم پايدىسىز بولۇپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىدا تۈرلۈك مالىمانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ، خانلىققا تەھدىت بولۇپ قالاتتى. ئېھتىمال مۇشۇنداق بىر رېئاللىقنى چۈشەنگەن ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە بولغان تەھدىتنى يوقىتىش ۋە ئۆزىنى قوللىغان قارا تاغلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھىدايىتۇللا خوجىنى يەركەن خانلىقى تەۋەلىكىدىن قوغلاپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھىدايىتۇللا خوجا ئىسمائىل خان تەرىپىدىن قوغلانغاندىن كېيىن قەشقەردىن كەشمىرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردىن جاھانكەزدىلىك قىلىپ تىبەتكە بارىدۇ. ئاندىن لەنجۇغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ قوغلاندى قىلىنغاندىن كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسمائىل خان كاشغەردىن ھەيدەپ چىقارغاندا خىراج قىلىپ شەھەر بىشەھەر يۈرۈپ كەشمىر بىلەن ئۆزلەر چىن مەملىكىتىگە چۈشتى. ئاندىن جۇ (جيۇچۈەن تبولۇشى مۇمكىن

uyghurkitap.com

— ھ. ئا) دېگەن يۇرتقا بېرىپ، بۇتخانىگە چۈشتى. چىن كافىرلەردىن بەرھەمەنلەر بار ئەردى»[90]. ئۇ ئۆزىنىڭ «كەشىپ كارامەتلىرى» بىلەن ئۇلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ كۆڭلىنى ئۇتقاندىن كېيىن، ئۇلار ھىدايىتۇللادىن ئۇنىڭ كىملىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىغان. سوئال قىلدىكى: «كىمدۇرسىز؟ قايسى تەرەپتىن كېلۇرسىز؟» ھەزرەت ئەيدىلەر: «مەن مۇسۇلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم، سەيىدزادەسىدۇرمەن. خۇسۇسەن ياركەند، كاشغەر خەلقى مۇرىت - مۇخلىسىم ئەردى. ھالا بۇ شەھەرلەرنى بىراۋ مەندىن سويۇپ ئالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلادۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئالىپ بەرگەيسىز»[91].

بۇددىستلار لاماسىنىڭ ھىدايىتۇللانىڭ يېلىنىپ ئىلتىماس قىلىشلىرىغا ھېسداشلىق كېلىپ، ئۆزىنىڭ تىسىرى ئاستىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانى غالدان بوشۇقتۇغا خەت يېزىپ بېرىدۇ: بەرھەمەن ئەيدى: «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەر بارماغى دىشۋار دەپ قالماقتا خەت پۈتتى. «ئى بوشۇقتۇ خان، ئاپپاق بىسيار ئۇلۇغ، ئۆزدىندا كامىل مۇكەممەل كىشىدۇر. كاشغەرنىڭ ياركەندىنىڭ خوجىسى ئىكەن. ئىسمائىل خان دېگەن مۇنىڭ يۇرتىنى سويۇپ ئالىپتۇر. كېرەككى لەشكەر ئىبەرىپ، يۇرتىنى قولىغا ئالىپ بەرگەيسەن ۋە ئەگەر سەۋەب قىلمىساڭ مۇشكۇل بولغۇسىدۇر». خوجا ئاپپاق بۇ خەتنى ئالىپ، قالماق تۆرەسىگە يەتكۈزدى»[92].

ئەسلىدىنلا يەكەن خانلىقىغا خىرىس قىلىپ، چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتقان جۇڭغارلارغا بۇ خەت ياغدەك ياقاتتى. شۇڭا غالدان بوشۇقتۇ بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ 1679 - يىلى 30 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ قۇمۇل - تۇرپاننى بېسىۋالىدۇ. بۇ رايونلارنى بۇرۇن يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى سەئىد باباخان سورىغانىدى. سەئىد باباخاننىڭ 3 ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار ئابدۇرېشىت، مۇھەممەت ئىمىن، مۇھەممەت مۆمىنلەر ئىدى. ئابدۇرېشىت چوڭ ئوغۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى ۋاقىت قۇمۇلنى سورىغانلىقى ئۈچۈن دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان. بۇ ۋاقىتتا چالىشتىكى (قاراشەھەر) ئەسكەرلەرنىڭ خىراجىتى، ئاش - ئوزۇقى تۇرپاندىن يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. ئابدۇرېشىتخان ئۇلارنى خىراجەتتىن قىسقان. نامىسىز ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى» دا بۇ ھەقتە «چالىشغە تۇرپاندىن مەئاش تىلەدىلەر. مەئاش ئىبەرمەدىلەر، ئاراغە نىزا تۈشتى» دېيىلگەن[93]. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسىغا نىزا چۈشۈپ، مۇھەممەت ئىمىن خان بىر نەچچە قېتىم لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئابدۇرېشىتخان بىلەن ئۇرۇشقان، بۇ پۇرسەتتىن جۇڭغارلار پايدىلىنىپ، غالدان ئارىغا چۈشۈپ، ئابدۇرېشىتخانغا پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغان. مۇھەممەت ئىمىنخان ئارازلاپ تاغقا چېكىنگەن. شۇڭا غالدان تۇرپاننى بېسىۋېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ خانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ھەم غالداننىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا قەشقەر، يەكەنلەرگە قىلغان يۈرۈشلىرىگە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت مۆمىنلەرمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاتناشقان.

1680 - يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا، غالدان ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن 120 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ، يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا — قەشقەرگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار ئاقسۇ - ئۇچتۇرپانلاردىن ئۆتۈپ ناھايىتىمۇ تېزلىك بىلەن قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ.

قەشقەردە ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان جۇڭغارلارغا قارشى قوزغىلىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، كۆپ قوشۇنغا تەڭ تۇرالماي، جەڭدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر قولدىن كېتىدۇ. قەشقەر خەلقى ئىلاجسىز ئۇلارغا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىدۇ، غالدان قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەكەنگە قاراپ ئاتلىنىدۇ.

ئىسمائىل خانمۇ قوشۇن باشلاپ چىقىپ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، جۇڭغار قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، خەلقىنىڭ كۆپ قىرىلىپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىماي شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشكە پەرمان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولىدۇ. شۇندىن كېيىن خوجىلارنىڭ ئاز كەم 80 يىل داۋام قىلغان جاھالەتلىك دەۋرى باشلىنىدۇ.

---

ئىزاھلار:

① «تارىخىي رەشىدى» دە تۇغلۇق تۆمۈر ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دېيىلگەن («تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى، 1985 - يىل، 1 - قىسىم، 151 — 155 - بەتلەر). لېكىن ئىلىم ساھەسىدە بۇنىڭغا قارىتا باشقىچە قاراشلار بار. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا قارالسۇن. لىيۇ جېڭيىن، «خوجىلار گۇللىنىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى» — «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى»، 1991 - يىل 4 - سان، 62 — 63 - بەتلەر، ۋېي لياڭتاۋ، «يەكەن خانلىقى تارىخي ئوچېركلىرى»، خاربىن، 1994 - يىل، 38 — 39 - بەتلەر؛ ۋ. ۋ. بارتولد،

«ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 212 — 213 - بەتلەر.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈرۈمچى، 1990 - يىل، 276 - بەت.

③④ ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، بېيجىڭ، 1995 - يىل، 169 — 170 - بەتلەر.

⑤⑥ مىرزا ھەيدەر كوراگان، «تارىخىي رەشىدى»، 1 - قىسىم، 163 — 165 - بەتلەر.

⑦ پايان رەۋشەنوف: «تۆمۈرنامە ھەققىدە سۆز» — «تۆمۈرنامە» (سۆزبېشى ئورنىدىكى ماقالە)، تاشكەنت، 1991 - يىل، 6 - بەت.

⑧ ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ، يۇقىرىدىكى كىتاب، 175 - بەت.

⑨⑩⑪«جالالىدىن بۇخارى، تۇغلۇق تۆمۈرخان، مۇھەممەت شېرىپ ۋە ئابدۇرېشىتخانلارغا دائىر ۋەقەلەر» — «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16 - توپلام.

⑫ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈرۈمچى، 1993 - يىل، 233 - بەت.

⑬مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 2 - قىسىم، 9 - بەت.

⑭مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 1 - قىسىم، 327 - بەت.

⑮مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 2 - قىسىم، 88- بەت.

⑯ئابدۇقادىر داۋۇت: «يەكەن تارىخى توغرىسىدا» — «يەكەن ئەدەبىياتى»، 1982 - يىل، 1 - سان، 56 - بەت.

⑰⑱⑲مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 1 - قىسىم، 346 - بەت.

⑳مىرزا ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدى»، 2 - قىسىم، 320 — 321 - بەتلەر.

㉑موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، بېيجىڭ، 1986 - يىل، 125 - بەت.

㉒زەلىلى: «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار» — «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1984 - يىل، 1 - سان؛ تۇرسۇن يۇنۇس، «مەلىكە ئامانىسا خېنىم»، ئۈرۈمچى، 1996 - يىل.

㉓شاھ مەھمۇت جۇراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر، 1989 - يىل 15- بەت (تۆۋەندە كىتاب نامى ئېلىنماي، ئاپتورنىڭ ئىسمى بىلەن كىتابنىڭ بەت سانىلا كۆرسىتىلىدۇ).

㉔مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى بەزى قوليازمىلاردا (م: «مەتلەب ئەت تالىبىن») 951 - يىلى (مىلادىيە 1544 - يىلى) دەپ كۆرسىتىلگەن، كۆپىنچە قوليازمىلاردا (م: «سىلسىلە تۇززەھەب») ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردە 949 - يىلى (مىلادىيە 1541 - يىلى) دەپ كۆرسىتىلگەن. بىزمۇ مۇشۇنى توغرا تاپتۇق.

㉕مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 1988 - يىل، قەشقەر، 31 - بەت.

㉖ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىي ئوچېركلىرى»، 108 - بەت.

㉗㉘مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 37 - بەت.

㉙㉚㉛㉜㉝شاھ مەھمۇت جۇراس، 30 — 31 -، 32 — 33 - بەتلەر.

㉞«تەزكىرەئى ھىدايەت» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1989 - يىل (2 — 3) سان، 121 - بەت.

㉟مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 36 - بەت.

㊱㊲㊳㊴شاھ مەھمۇت جۇراس، 33 — 34 - بەتلەر.

㊵㊶شاھ مەھمۇت جۇراس، 34 — 35 - بەتلەر.

㊷مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 41 — 42 - بەتلەر.

㊸شاھ مەھمۇت جۇراس: «تارىخ» (پارسچە ئەسلى تېكست، رۇسچە تەرجىمىسى، ئىزاھ، چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار قوشۇپ نەشر قىلىنغان رۇسچە نەشرى)، موسكۋا، 1976 - يىل، 277 - بەت، نەقىلدىن ئېلىندى.

㊹شاھ مەھمۇت جۇراس، 44 - بەت.

㊺شاھ مەھمۇت جۇراس، 207 — 209 - بەتلەر.

㊻شاھ مەھمۇت جۇراس، 59 - بەت (مۇشۇ بەتتە خاتا ھالدا خوجا يەھيا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى دېيىلگەن، ئەمەلىيەتتە خوجايەھيا خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇ كىتابنىڭ ئۆزىدىمۇ شۇنداق يېزىلغان يەرلەر بار، 210 - بەت).

㊼㊽شاھ مەھمۇت جۇراس، 210 - بەت.

㊾شاھ مەھمۇت جۇراس، 143 - 144 - بەتلەر.

㊿شاھ مەھمۇت جۇراس، 208 - بەت.

www.uyghurkitap.com



⑤①شاھ مەھمۇت جوراس، 62 ـ بەت.
⑤②شاھ مەھمۇت جوراس، 106 ـ بەت.
⑤③شاھ مەھمۇت جوراس، 108 ـ بەت.
⑤④⑤⑤⑤⑥⑤⑦⑤⑧شاھ مەھمۇت جوراس، 116 ـ، 117 ـ، 118 ـ بەتلەر.
⑤⑨تۇرسۇن يۇنۇس، «مەلىكە ئامانىسا خېنىم»، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىل، 168 — 170 ـ بەتلەر.
⑥⓪⑥①«سىلسىلە تۇززەھەب» (قولىيازما).
⑥②⑥⑦⑥⑧⑥⑨⑦⓪«سىلسىلە تۇززەھەب»؛ «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى».
⑥③ «باياز I »، ئۈرۈمچى، 1995 ـ يىل، 25 ـ بەت.
⑥④شاھ مەھمۇت جوراس، 212 — 214 ـ بەتلەر.
⑥⑤شاھ مەھمۇت جوراس، 128 ـ بەت.
⑥⑥⑦①⑧①مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 42 ـ بەت.
⑦②ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 268 ـ بەت.
⑦③شاھ مەھمۇت جوراس، 144 ـ بەت.
⑦④⑦⑤شاھ مەھمۇت جوراس، 215 — 216 ـ بەتلەر.
⑦⑥«تەزكىرەئى ھىدايەت» (قولىيازما).
⑦⑦⑧⓪مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 44 — 46 ـ بەتلەر.
⑦⑧⑦⑨شاھ مەھمۇت جوراس، 208 — 210 ـ بەتلەر.
⑧②قۇربان ۋەلى خالىدى: «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقى» (بۇ نەقىل لىيۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»، بېيجىڭ، 1987 ـ يىل، 1 ـ قىسىم، 2 ـ كىتاب، 813 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى).
⑧③ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئاپپاق خوجا ھەققىدە مۇلاھىزە» — «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، قەشقەر، 1984 ـ يىل، 1 ـ سان، 87 ـ بەت.
⑧④لىيۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 2 ـ كىتاب، 799 ـ بەت.
⑧⑤شاھ مەھمۇت جوراس، 190 ـ بەت.
⑧⑥نىزامىدىن ھۈسەيىن: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىل، (2 — 3) سان، 139 ـ بەت.
⑧⑦شاھ مەھمۇت جوراس، 109 ـ بەت.
⑧⑧مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 47 ـ بەت.
⑧⑨ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىي ئوچېركلىرى»، 142 ـ بەت، ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 276 ـ بەت.
⑨⓪⑨①⑨②مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 48 — 50 ـ بەتلەر.
⑨③ۋ. ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، Ⅷ توم، موسكۋا، 1973 ـ يىل، 188 ـ بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مەتبەئەچىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزدىنىش

پولات ھېمىت

(ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىدىن)

ئۇيغۇرلار خېلى بالدۇرلا ئۆز يېزىقىغا ماسلاشقان ياغاچ ئويما ھەرپلەرنى ئىجاد قىلدى ھەمدە ئاشۇ ھەرپلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى بېسىپ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى داۋاملىق تۈردە غەربكە كېڭەيتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئەڭ بۇرۇن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ۋە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋردىكى مەتبەئە ياغاچتىن ئويۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مىخ مەتبەئە بولۇپ، ھەرپلىرى يەككە ھەرپ ۋە تاق سۆزلەردىن تەركىب تاپقان. بۇ مەتبەئە ئارقىلىق ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرى كۆپلەپ بېسىلىپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى پېللىئوت دۈنخۇاڭدىكى مىڭئۆيدىن نەچچە يۈز تال قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپنى تاپقان. 1908 - يىل 2 - ئايدا فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئەترىتى دۈنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىنىڭ شىمالىي رايون 181 - غارى (ھازىرقى نومۇرى 464 - غار) دىن زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە، تاڭغۇتچە، تىبەتچە ۋەسىقىلەرنى ۋە ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقان. 1914 — 1915 - يىللىرى روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندىكى مىڭئۆيدىن يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نەچچە مىڭ تال ياغاچ ھەرپ تېرىۋالغان. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا بۇ ھەرپلەرنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى تەخمىنەن 1300 - يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى دۇنيا مەتبەئەچىلىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماددىي پاكىتى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردا ساقلانماقتا. XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلانغان شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئاساسلىق بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپەيتىپ تارقىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر قول يازما ھالىتىدە تارقىتىلدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە يېقىنقى زامان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كىردى. ھازىرغىچە بىزگە ئەڭ بۇرۇن مەلۇم بولغىنى يېڭىسارلىق نۇرھاجىنىڭ «نۇر» مەتبەئەسى بولۇپ، ئۇ 1895 - يىلى بۇ مەتبەئەنى قۇرۇپ «ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى»، «بەرقىي تەجەللى ۋە سەبقى مۇجەللى» قاتارلىق 8 خىل كىتابنى بېسىپ چىقىرىپ قەشقەر ۋە ئەتراپتىكى جايلارغا تارقاتتى. ئەمما خەنزۇلارنىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى شىنجاڭغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىدىن سەل بۇرۇن كىرگەنلىكى مەلۇم.

شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا مەسئۇل زوزۇڭتاڭ 1876 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۈرۈمچىدە كىتابچىلىق ئىدارىسى قۇرۇپ، كىتاب بېسىپ تۇرپان، شىخو، جىڭ، باي، قاراشەھەر، شايارلاردا ئاچقان ھەقسىز مەكتەپلەرنى كىتاب بىلەن

تەمىنلىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇنجى مۇپەتتىش لىۇجىنتاڭ 1885 - يىلى ئۈرۈمچىدە باسمىخانا قۇرۇپ، ئىچكىرىدىن خەت ئويىدىغان ئۇستىلارنى تېپىپ كېلىپ ياغاچ خەت ئويدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەت كىتابلىرىنى بېسىشقا ئىشلەتتى ھەم ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى بېرىلگەن بىر تۈركۈم «3 خەتلىك دەستۇر» ، «فامىلىلەر» نى بېسىپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقاتتى. 1907 - يىلدىن كېيىن باسماخانا يەنە ئىچكىرىدىن خەت ئويۇدىغان ئۇستىلارنى تېپىپ كېلىپ، ياغاچتىن بىر يۈرۈش فاڭسۇڭ نۇسخىلىق خەتلەرنى ئويدۇرۇپ باسمىچىلىق شارائىتىنى ياخشىلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 1910 - يىلى مۇشۇ باسما بىلەن بېسىلغان.

1891 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭنىڭ مۇۋەققەت مۇپەتتىشى ۋېي گۇاڭتاۋ ئوردىنىڭ تەستىقى بىلەن ئۈرۈمچىدە «بۇغدا» كۇتۇبخانىسىنى قۇردى. بۇ كۇتۇبخانا ھەم دەرس سۆزلەيدىغان ۋە زىيالىيلارنى تەربىيىلەيدىغان، ھەم كىتاب تەھرىرلەپ نەشر قىلىدىغان ئورۇن ئىدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى ھەقسىز مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ يەردە بېسىلغان.

چەت ئەللەرنىڭ دىن تارقىتىش جەمئىيەتلىرى دىن تارقىتىش يۈزىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار مەتبەئە تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىپ باسمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1896 - يىلى ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە «ئىنجىل چېركاۋى» قۇرۇپ، دەسلەپتە شاڭخەيدە بېسىلغان خىرىستىئان دىنى كىتابلىرىنى تارقاتتى، كېيىن «ئىنجىل» ، «تەۋرات» لارنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە نۇسخىلىرىنى ئۆزلىرى بېسىپ تارقاتتى. بۇ كىتابلارنىڭ خەنزۇچىسى قوغۇشۇن مەتبەئەدە، ئۇيغۇرچە، قازاقچىلىرى تاش مەتبەئەدە بېسىلغان.

1905 - يىلى شۋېتسىيە دىن تارقاتقۇچىلىرى قەشقەردە قوغۇشۇن مەتبەئەلىك باسمىخانىدىن بىرنى قۇردى. بۇ مەتبەئەنىڭ ھەرپلىرى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر چاغاتاي يېزىقى ھەرپلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ياللاپ خەت تىزدۇرۇپ، ئۇيغۇرچە «ئىنجىل» ، «كۈندىلىك ئالاقە ۋە خەت - چەكلەر» ، «دۇنيا جۇغراپىيىسى» ، نۇرغۇنلىغان رىسالە ۋە ئېلىپبە كىتابلىرىنى ھەم يەرلىك ھۆكۈمەت ئۈچۈن قەغەز پۇلمۇ باستى. نۇرغۇن كالېندار، تىجارەتچىلەرنىڭ سودا تالونلىرىنى بېسىپ كىرىم قىلدى، 1936 - يىلغىچە قەشقەردە چىقىرىلغان گېزىتلەرنى بېسىپ بېرىپ پايدا ئالدى. 1937 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوغۇشۇن مەتبەئەنى كىرگۈزگەندىن كېيىن شۋېت مەتبەئەسىنى مۇسادىرە قىلدى.

مەتبەئە تېخنىكىسىنى شىنجاڭغا ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرى ئېلىپ كىرگەندىن سىرت يەنە يېڭىسارلىق نۇرھاجىغا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەللەردىن سېتىۋالدى، شۇنداقلا يېڭىدىن ئىجاتمۇ قىلدى. 1918 - يىلى جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ھۈسەينبەگ يۇنۇسوپ ئۆز خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر مىق مەتبەئە ماشىنىسى، ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى ۋە بىر نەچچە خىل ھەرپ قېلىپى سېتىۋېلىپ كۇرەگە ئورۇنلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىلىدا يېڭى مىق مەتبەئە ماشىنىسى بارلىققا كەلدى. ھۈسەينبەگ يۇنۇسوپ دەسلەپتە گېزىت باستى، كېيىن 1920 - يىلى مەتبەئەسىنى غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈرۈپ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى باستى.

ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئابدۇقادىر داموللا 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دوستلىرىنىڭ ياردىمىدە سىرتتىن تاش مەتبەئە باسما ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ رىسالىلەر، دىنىي تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى، دىنىي ئەسەرلەرنى باستى. 1924 - يىلى ئابدۇقادىر داموللا سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن بۇ مەتبەئە بۇزۇلۇپ يوقالدى.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرلىك مۇھەممەت ئاخۇن خەلپىتىم ياغاچتىن كەسمە شەكىلدە ھەرپ ئويۇپ ئۇيغۇرچە مىق مەتبەئەنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ ھەرپلىرى سەل قوپاللىراق بولسىمۇ، ئەمما

(ئاخىرى 33 - بەتتە)

# «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» داستانىغا يوشۇرۇنغان تارىخ

ئابدۇرېشىت ھېلىمھاجى

رېئال ھاياتقا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان رەزىل - خۇنۇك ھادىسىلەرنى سەنئەتلىك تونۇش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تېپىكلەشتۈرۈپ، زىددىيەتلەرنى ئەڭ ئۆتكۈر، ئەڭ ئاچچىق ھالدا پاش قىلىشنىڭ بەدىئىي ئۇسۇللىرىدىن بىرى ھەجۋى قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

XIX ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى رېئالىستىك شائىر موللا بىلال موللا يۇسۇپ ئوغلىنىڭ «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەجۋى ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى.

شائىر ئۆز داستانىدا بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ساتىرا ئېلېمېنتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نىسپىي نادانلىقىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، يەرلىك فېئودال كۈچلەر بىلەن ئەكسىيەتچى دىندارلارنىڭ ياردىمىدە كۆرەڭلەپ، قىنىغا پاتماي كەتكەن، خەلقنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر زىيان سالغان سىرتتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىدۇ.

داستان مەيدانغا كېلىشنىڭ ئالدىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى مۇنداق ئىدى:

XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 200 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، شىنجاڭ خەلقى ھەرخىل قىياپەت ۋە ھەرخىلناملار بىلەن سىرتتىن كەلگەن ئالدامچى خوجىلارنىڭ دەردىنى ئۆلگىدەك تارتقانلىقى تارىخنىڭ ھېلىمۇ يادىدا.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرغان ئابدۇرېشىتخاننىڭ 2 - ئوغلى ئابدۇكېرىم خاننىڭ دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھردىن يەكەن خانلىقىغا كەلگەن خوجا ئىسھاق گورۇھى بىلەن كېيىنرەك ماۋەرائۇننەھردىن كېلىپ قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان، خوجا ئىسھاقنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۇسۇپ گورۇھى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەللەر ئۇلغىيىپ، ئاخىرى بىر - بىرى بىلەن سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبكە ئايلاندى. قارا تاغلىقلار دەپ ئاتالغان خوجا ئىسھاق گورۇھى بىلەن ئاق تاغلىقلار دەپ ئاتالغان مۇھەممەت يۇسۇپ گورۇھى ھەددى ھېسابسىز دىنىي مۈلۈك، جۈملىدىن ۋەخپە يەر، دۇكان، تۈگمەنلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، سوپىزمغا خاس ئۇسۇل بىلەن كەڭ تۈردە مۇرىت توپلاپ، «ئېتىقاد» ئۈچۈن جەڭ قىلىدىغان قوراللىق كۈچ تەشكىل قىلدى . . . ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىكى يەكەن خانلىقىدا يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرىشى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، يىغا تۈگىمەي، خەلققە زور بالايى ئاپەت كەلتۈردى①.

ئۇ ئىككى گورۇھ يەكەن خانلىقىنىمۇ ئىككىگە بۆلۈۋەتتى، ئابدۇرېشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇللاخان قاراتاغلىقلارنى قوللاپ، ئاق تاغلىقلارنى چەكلىدى. بۇ چاغدا قاراتاغلىقلارغا خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (شادى خوجا دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) رەھبەرلىك قىلاتتى. ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ ھاكىمى يولۋاس خان ئاق تاغلىقلارنى قوللىدى. بۇ چاغدا ئاق تاغلىقلارغا ئاپپاق غوجا رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ئاق تاغلىقلارنىڭ يەكەن خانلىقىغا سىڭىپ كىرىشىدىن قورققان ئابدۇللاخان ئاق تاغلىقلارنى قاتتىق قىرغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاسخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. «ھەممە كىشى بىزار بولغان



uyghurkitap.com

ئەھۋالدا 1667 - يىلى ئابدۇللا خان تەختتىن نائىلاج ۋاز كېچىپ، ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى كەتتى». نەتىجىدە، ئاق تاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا تەسىر دائىرە تالىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلار بولدى. ئاخىرىدا، 1668 - يىلى ئاق تاغلىق خوجىلار ۋە ئەمىرلەر يولۋاسنى خان قىلىپ تىكلىدى②. يولۋاس تەختكە چىققاندىن كېيىن قارا تاغلىقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى پاجىئەلىك ئۆلتۈردى. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىنى تالىشىش كۈرىشى شۇ دەرىجىگە يېتىپ باردىكى، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىدىكى قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنى ئۆزلىرىگە يۆلەك قىلدى. 1670 - يىلى ئابدۇللانىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خان بولدى. ئىسمائىل قارا تاغلىقلارنى قوللاپ، يولۋاسنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈردى. ئاق تاغلىقلارنى بېسىقتۇردى. ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپپاق خوجا قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ، يوشۇرۇن كەشمىرگە بېرىپ، بۇ يەردىن تىبەتكە ئۆتۈپ، دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. دالاي لاما غالدانغا خەت يېزىپ، ئاپپاق خوجىغا ياردەم بېرىشنى ئېيتتى. 1678 - يىلى ئاپپاق خوجا يول باشلاپ ماڭغان غالداننىڭ 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرى مۇزارت ئارقىلىق تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىردى. ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشى ئارقىسىدا غالدان قوشۇنلىرى يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، قارا تاغلىقلارنى رەھىمسىز قىردى. گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ قېنى ئاقتى. بۇ توغرىسىدا «تەزكىرەئى خوجىگان» دا «تۆكۈلگەن قانلاردىن تۈگمەن چۆگىلەيتى» دەپ يېزىلغان. ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق غوجىلارنىڭ دەھشەتلىك كۈرىشى داۋاملاشقان بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا، ئۇلار يەكەن خانلىقىنى بەربات قىلىپلا قالماستىن، قانچە مىڭلىغان گۇناھسىز كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى! قانچە مىڭلىغان كىشىلەرنى خانە ۋەيران قىلدى! بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ماۋەرائۇننەھردىن كەلگەن خوجىلار سەۋەبچى بولدى.

دېمەك، نۇرغۇنلىغان خوجىلار ھەر خىل قىياپەت، ھەرخىل ناملار بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ خەلقىگە ئۇنتۇلغۇسىز بالايى - ئاپەتلەر ئېلىپ كەلدى. شائىر موللا بىلال خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلانغان، خەلقنىڭ نادانلىقى ۋە ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ بايلىق توپلىغان، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن قاتىللىق قىلىشتىن يانمىغان، خەلققە بالايى - ئاپەت بولغان، سىرتتىن كەلگەن خوجىلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەجۋىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئۇسۇلى بىلەن يارىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خوجىلارغا بولغان ھوشيارلىقىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، شائىرنىڭ «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» داستانى ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئالاھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. شۇنداقلا موللا بىلالنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئاكتىۋال مەسىلىلەرنى خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، توغرا بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك قىممىتىنى بىلگىلىمۇ بولىدۇ.

موللا بىلال «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» داستانىنى مىلادىيە 1882 - يىل 4 - يانۋار دۈشەنبە كۈنى يېزىپ تاماملىغان. داستاندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىك شۇ چاغدىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىك بولۇپ، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئېيتىلغاندەك، ئەسەر يېزىلىشتىن 44 يىل (1838 - يىللىرى) بۇرۇن يۈز بەرگەن. شائىر ئۆز داستانىنى ھەقىقەتەنمۇ شۇ چاغدا بۇرۇن يۈز بەرگەن رېئال ۋەقەلىك ئاساسىدا يازغانلىقىنى داستاندىكى ۋەقە ۋە ئوبرازلاردىن بىلگىلى بولىدۇ.

داستاندىكى ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ ئاتىسى مۇھەممەت گاداي تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇھەممەت گادايدىن ئىككىسى ئىلىغا كەلگەن. ئۇنىڭ بىرى «كۇچارنىڭ ھاكىمبېگى ھادى باينىڭ مۆتىۋەرى گاداي مۇھەممەت بولۇپ، ئۇ «يوشۇرۇن ھالدا ئىلگىرى - ئاخىر ئىلىغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى قارشى ئالغان» ③. بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ

جەنۇب ـ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا بولغان، يەنە بىرى، تۇنجى قېتىم ئىلىدا خانىقا بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا خەلىپە بولغان گاداي مۇھەممەتتىن ئىبارەت. ئارا ئۆستەڭلىك خۇداقۇلى خەلىپە (1814 ـ يىلى ئىلىغا ھاكىمبەگ بولغان خالزات خاننىڭ قېيناتىسى شەھەردە سوپىلىق ئىشانلىقنىڭ بولمىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، بەدەخشانلىق ئىشانشاھ ئەۋلىيانى ئالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئەلچىلەر سوۋغا ـ سالام بىلەن بارغان بولسىمۇ، ئىشانشاھ ئەۋلىيانى ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئىشانشاھ ئەۋلىيا مۇرىت ۋە تالىپلىرىنىڭ نۇرغۇنلىقىنى، ئۇلاردىن بوشىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆز ئورنىغا تىجارەت بىلەن ئىلى تەرەپكە كەتكەن شاگىرتى گاداي مۇھەممەتنى كۆرسىتىپ، ئەلچىلەرگە گاداي مۇھەممەتكە قارىتىپ خەت يېزىپ بېرىدۇ. ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گاداي مۇھەممەتنى چوڭ كۆرەدىكى ئۇيغۇر دېگەندىن تېپىپ ئىشانشاھ ئەۋلىيانىڭ خېتىنى بېرىدۇ. لېكىن گاداي مۇھەممەت: «بۇ ئىشنى پىرىم ئۆزى كېلىپ باشلاپ بەرمىسە، مېنىڭ ھەددىم ئەمەس» دەپ ئۇنىمايدۇ. ئەلچىلەر قەشقەر ئارقىلىق 2 ـ قېتىم بېرىپ، ئىشانشاھ ئەۋلىيانى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىدۇ. مەمىيار يۈزىنىڭ يۈزبېگى ئىشانشاھ ئەۋلىياغا قول بېرىپ، شەھەر ئىچىدىكى باغلىق قورۇسىنى خانىقا قىلىشقا تەقدىم قىلىدۇ. ئىشانشاھ ئەۋلىيا غۇلجىدا 3 ئاي تۇرۇپ، خانىقاغا شاگىرتى گاداي مۇھەممەتنى خەلىپە قىلىپ قايتىپ كېتىدۇ. گاداي مۇھەممەت ۋاپات بولغاندا، خۇددى داستاندا دېيىلگەن شەھەرنىڭ غەربىدىكى قەۋرىستانلىققا قويۇلىدۇ، بۇ قەۋرىستانلىق خەلىپەم قەۋرىستانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. داستاندا تىلغا ئېلىنغان گاداي مۇھەممەت دەل مۇشۇ 2 ـ گاداي مۇھەممەت بولۇپ، ئابدۇشېرىپ ئاخۇن ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

داستاندا تىلغا ئېلىنغان باقى ھاكىمبەگ شۇ چاغدىكى ئىلىنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمبېگى ئىدى. خۇشنىزاتخاننىڭ ئوغلى خالزاتخان تاجى ھاكىم ④ 1818 ـ يىلى ھاكىمبەگ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئاقئۆستەڭ قورۇلۇشىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلالمىغانلىقتىن، شاغىبەگلىككە (مۇئاۋىن ھاكىمبەگ) چۈشۈرۈلۈپ، باقى ئاخۇن ۋاقىتلىق ھاكىمبەگ بولىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك دەل باقى ئاخۇن ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە يۈز بەرگەن، دېمەك، شائىر ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كەتمەن يېزىسىدا يۈز بەرگەن، كېيىن ئىلى ۋادىسىغا تارقىلىپ كەتكەن ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ، «چاڭمۇزا يۈسۈپخان» داستانىنى يېزىپ چىققان.

داستاننىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق: ئات يىلىنىڭ سەپەر ئېيىدا (2 ـ ئايدا) كەتمەن يېزىسىغا ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان يۈسۈپخان ئىسىملىك بىر ئالدامچى كېلىدۇ. بۇ مەككار شۇ يەردىكى بەگ، موللا، قازى ۋە ئاقساقاللارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، زور «شۆھرەت» تاپىدۇ.

خوجىغا ئىشەنگەن بۇ فېئودال روھانىلار ئۇنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئۇنىڭ «شۆھرىتى» نى تېزلا ئەتراپتىكى يېزىلارغا تارقىتىدۇ. ئاقكۆڭۈل خەلق بۇ گەپ ـ سۆزلەرگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنى ئاچ قويۇپ بولسىمۇ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ھەتتا خوتۇن ـ قىزلىرىنى ھەدىيە قىلىدۇ. مەككار خوجا خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئېتىقادىنى كۆرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ كۆپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. ئۇ «خۇداغا ئىبادەت قىلىش» دېگەن باھانە بىلەن، ئايرىم ئۆي ھازىرلاتقۇزۇپ، ئۆي ئىچىنى قىزىل پەردە بىلەن ئىككىگە بۆلۈپ، پەردىنىڭ ئىچىدە ئۆزى بىلگەن ئەسكىلىكلەرنى قىلىدۇ. ئىشىككە قارايدىغان ئادەم قويىدۇ.

تۆيۈقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقە ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇن ئىسىملىك خۇشچاقچاق ئادەم مال ئېلىپ، تىجارەت قىلىش ئۈچۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلارغا بېرىشىدا يولدا ئۇنىڭغا 2 كىشى ھەمراھ بولىدۇ. شېرىپ ئاخۇن ئۇلارنىڭ يۈسۈپخان خوجىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئاسىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. خۇشچاقچاق شېرىپ ئاخۇن بۇ ئىشنىڭ ئەخمىقانە ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇلارغا مۇنداق چاقچاق قىلىدۇ:

شېرىۋاخۇن ئويناپ دېدى: ھەي كىشى،

uyghurkitap.com



مېنىڭ بىرلە باردۇر خوجامنىڭ ئىشى.
بېرىپ مەن خوجامنى تۇتارمەن! - دېدى،
كى ئەجدىھار سۇپەتلىك يۇتارمەن! - دېدى.

ھېلىقى 2 ئادەم چاڭموزىنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، چاڭموزىنىڭ «شەھەر تەرەپتە نېمە خەۋەرلەر بار» دېگەن سوئالىغا، شېرىپ ئاخۇن ۋە ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

چاڭموزا «ئابدۇشېرىپ» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى ئېغىپ، رەڭگى ئۆڭىدۇ. ئەسلىدە ئۆزىنى «خوجا» دەپ ئاتىۋالغان بۇ ئالدامچى قوقەندىكى بىر سودا - سېتىقچى بولۇپ، شېرىپباي ئىسىملىك بىرىدىن 10 مىڭ تەڭگە قەرز پۇل ئېلىپ، قايتۇرالماي بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلگەن. چاڭموزا غۇلجىلىق شېرىپباينى قوقەنلىك شېرىپباي دەپ قاراپ، ئۇ مېنى تۇتقىلى كەپتۇ دەپ قورقىدۇ. سىرىنىڭ پاش بولۇپ، بۇ راھەتلىك تۇرمۇش، مال - دۇنيا ۋە شۆھرەتتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن يۈسۈپخان شېرىپباينى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارا نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۆز يېقىنلىرىدىن دۆلەتنەزەر، شەيخ باقى، شەيخ مەدەكلەرنى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى ئۇلارغا تاپشۇرىدۇ. بۇ قول چوماقچىلار چاڭموزىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، مازارغا چۈشۈپ، بىر ئۆيدە مېھمان بولۇۋاتقان ئابدۇشېرىپ ئاخۇننى تېپىپ، ماللىرىنى تاغدىكى مالچىلارغا ئاپىرىپ ساتسا نۇرغۇن پايدا ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيدىن ئالداپ چىقىدۇ. بۇ 3 نەپەر قارانىيەت يېرىم يولغا كەلگەندە، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ بوينىغا سالما سېلىپ ئاتقا سۆرىتىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي، تېخىمۇ ۋەھشىلىك بىلەن ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ بېشىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاخىرى جەسەتنى تاغ كامىرىغا يوشۇرۇپ، ماللىرىنى ئۈچــى بۆلۈشۈپ ئېلىپ قايتىدۇ.

كى يەنچىپ بولار تاش بىلەن بېشىنى،
تېنى ئۈستىگە دۆۋىلەپ تېشىنى،
كى تاغنىڭ كامارىغا مەدفۇن ئېتىپ،
ئۈچى مالىنى تەقسىم ئەيلەپ ئېتىپ.

تاغ باغرىدا مال بېقىپ يۈرگەن باللار يېشىل جەندە كىيگەن، يېشىل سەللە ئورىغان بىر ئادەمنىڭ تاغ ئۆڭكۈرى ئالدىغا كېلىپ، ناله - زار قىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. باللىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىشىلەر تاش دۆۋىسىنى ئېچىپ، ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ئەھۋالنى تولۇق يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىپ باقىبەگكە مەلۇم قىلىدۇ، باقىبەگ ئىلى جاڭجۇنىگە بېرىپ، ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىدۇ. ئامالسىز قالغان جاڭجۇن ئەسكەر چىقىرىپ، چاڭموزا باشلىق ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان، ئەسكىلىكى قالمىغان، شەيخ، يۈزبېگى، ۋە باشقىلارنى تۇتۇپ، كۈرەگە كەلتۈرىدۇ. جاڭجۇن چاڭموزا باشلىق بىر قانچە ئادەمنى ئۆلۈم جازاسىغا بويرۇپ ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئابدۇشېرىپ ئاخۇننىڭ جەسىتىنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.

قىسقىسى، تەركىي دۇنيا، نەپسانىيەتچى، ئالدامچى كۆچلەرگە بولغان ھېسابسىز غەزەپ - نەپرەت خەلق رايىنىڭ شائىر مۇددىئاسىدىكى ئورتاقلىق بولۇپ، خەلقنىڭ يەتكىلى بولمايدىغان ئارمىنى شائىر قەلىمى ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىدۇ. داستان ۋەقەلىكى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى رېئاللىق ۋە رېئالىزىملىق ئەدەبىيات پرىنسىپى بويىچە دەللىگىنىمىزدە، بۇ خەلق رايىنىڭ، شائىرنىڭ سۆيىپكتىپ ئېڭىدا قارار تېپىشى ياكى ھەل بولۇشى دەپ قىياس قىلساق تېخىمۇ توغرا بولىدۇ.

---

ئىزاھلار:
① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 315 - بەت.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 320 - بەت.
③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 353 - بەت.
④ خەلق تەيجى سۆزىنى خاتا چۈشىنىپ، «تاجى» دەپ ئاتىغان، شۇڭا، خالزاتخان تاجى ھاكىم بولۇپ قالغان.
⑤ «چاڭموزا يۈسۈپخان»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1981 - يىللىق 2 - سان.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىز ئورخۇن

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر ئاياللار

ئاسىيە مۇھەممەت سالىھ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنىدىن)

ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئۇزۇلمەس ئېقىنىدا نۇرغۇن مەشھۇر قەھرىمان قىز - ئاياللار، شائىرەلەر، مائارىپچىلار ئۆتكەن. بىز ئۇلارنى ھەرگىزمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

**1. جىۋا (324 — ؟)**

كۇسەنلىك، بۇددا دىنى بىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن، تىببىي ئىلىمنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن بىلىملىك ئايال. ئۇ مەشھۇر تەرجىمە ئۇستازى كومراجىۋانىڭ ئانىسى.

ئۇ كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى، ئەقىللىق ھەم گۈزەل مەلىكە ئىدى. ئۇ ھىندىستانلىق ۋەزىرنىڭ ئوغلى كومراتانغا ياتلىق بولغان. توي قىلىپ، 2 بالىلىق بولغاندىن كېيىن، راھىبە بولغان ھەم ئېرىدىن سانسكرىت تىلىنى ئۆگىنىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇددىزمغا بېرىلگەن. كېيىن ئۇ 9 ياشلىق ئوغلى كومراجىۋانى ئېلىپ، نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ ھىندىستانغا بېرىپ ئوقۇغان. ئۇ يەردە ھىنايانا مەزھىپى تەلىماتلىرىنى ئۆگەنگەن. جىۋا ئوغلى كومراجىۋانى ھىندىستاندا ئوقۇتۇپ، داڭلىق بۇددا دىنى ئالىمى ۋە تەرجىمە مۇتەخەسسىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپلا قالماي، بەلكى ئۆزىمۇ شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي توسالغۇلارغا قارىماي ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تىرىشچان، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماس روھىنى نامايان قىلغان.

ئۇ يەنە تىبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ كېسەل كۆرۈش ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ «جىۋا ئىچكى بەش ئەزا توغرىسىدا» ناملىق كىتاب يېزىپ، ئىچكى بەش ئەزانىڭ فۇنكسىيىسى، ھەر خىل كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن.

**2. ئورخۇن خاتۇن**

ئۇ، Ⅶ ئەسىردىكى توغلا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بوساتنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ھەم ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر يوق. ئۇ ھەقىقەتەن داڭلىق سىياسىيون بولۇشقا مۇناسىپ، «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن خاتون پەم - پاراسەتلىك، تەدبىرلىك ئايال بولۇپ، ئىچكى قىسىمدا يۈز بەرگەن ئەرز - دەۋالارنى ئادىللىق بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئوغلىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مەسلىھەتچىلىك قىلىپ ۋە بىۋاستە ئارىلىشىپ، سىياسىيونلارغا خاس ئىقتىدارىنى نامايان قىلغانىدى. ئانا - بالا ئىككەيلەننىڭ ھاكىمىيەتنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇشى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر رايونى گۈللەنگەنىدى.

ئورخۇن خاتۇن ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇلغان توغلا ئۇيغۇرخانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تۆھپە قوشۇپ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

**3. داڭلىق سەنئەتكار پېي مەلىكە (690 — ؟)**

ئۇ ئەسلى قەشقەرلىك سەنئەتكار بولۇپ، تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى يېزىلمىغان. پەقەتلا، قەشقەرخان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېي ( 裴 ) فامىلىسى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. ئۇ، قەشقەردە خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ھەم بۇددا دىنى ئىلىملىرى، سەنئەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، تالانتلىق سەنئەتكار بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ 715 - يىللىرى ئەتراپىدا چاڭئەنگە بېرىپ، شۇ يەردىكى ئوقۇتۇش مەركىزىدە سەنئەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سەنئەت تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. غەربىي يۇرت سەنئىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تونۇتقان ھەم تارقاتقان. ئۇ نۇرغۇن ناخشا، مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

**4. سىلىغ تېگىن**

ئىدىقۇت، ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىبە، شائىرە. ئۇ 6 كۇبلىت، 27 مىسرالىق بىر شېئىرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ باشقا ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ



www.uyghurkitap.com

كېلەلمىگەنمۇ ياكى بىر پارچىلا شېئىر يازغانمۇ؟ بۇ هازىرچە بىزگە نامەلۇم. بىراق ئۇنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دىنىي ئېتىقاد، ئەدەبىيات، ئاياللارنىڭ دۇنيا قارىشى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم تەتقىقات ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**5. شياۋ گۇەنيىن (1039 — 1075)**

شائىرە، سازەندە، ئۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەۋلادى. دادىسى شياۋخۇي قىتان خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى بولغان. شياۋ گۇەنيىن قىتان خانى ياللۇغ خۇڭجىغا خانىش بولغان. ئەينى ۋاقىتتا قىتانلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان بولغاچقا، شياۋ گۇەنيىنمۇ خەنزۇچە ئىسىم قوللانغان ھەم شېئىرلىرىنىمۇ خەنزۇچە يازغان. ئۇنىڭ «يۇخۇالىندا پەرمان بىلەن يېزىلغان شېئىرلار»، «كۆڭۈل ئوردىسىغا قايتىش»، «نامدىن جۇدا بولۇش»، «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» قاتارلىق شېئىرلىرى بار.

**6. شياۋسىسى (؟ — 1121)**

شياۋ سىسى شياۋگۇەنيىن بىلەن بىر جەمەتتىن بولۇپ، ئۇمۇ قىتان خانلىقىدا خانىش بولغان. قىتان خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ياشىغان. «ھەجۋىيات»، «تارىخنى كۈيلەش» تىن ئىبارەت 2 پارچە شېئىرى بار.

**7. ئامانىساخان (1534 — 1567)**

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 - خانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى. ئۇ مەھمۇت ئىسىملىك ئوتۇنچىنىڭ قىزى بولۇپ، دادىسى ئۇنى كىچىكىدىن ئەقىللىق ھەم بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلىگەنىدى. ئۇ شائىر، سازەندە ھەم خەتتات ئىدى. 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان. ئامانىساخان مۇشۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا «دىۋان نەفىسە»، «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)، «شۇرۇھۇلقۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ئۇ يەنە «ئىشرەت ئەنگىز» (شاتلىق قوزغىغۇچى) ناملىق مۇقامنىمۇ ئىجاد قىلغان. ئۇ ئوردىدا 12 مۇقامنى رەتلەش، قېلىپلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىشىنى ئامانىساخاننىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

**8. زىبۇننىسا (1639 — 1709)**

شائىرە، دېھلىدا تۇغۇلغان. ئۇ ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بابۇر مىرزىنىڭ چەۋرىسى ئەبۇزەپەر مۇھەممەد ئەۋرەڭزىب ئالەمگىرنىڭ قىزى. ئۇ ئوردىدا مەشھۇر ئالىملاردىن ئەتراپلىق تەلىم ئېلىپ، شائىرە ھەم سازەندە بولۇپ يېتىشتى. ئۇ ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتكەن. ئۇ گەرچە ئوردا مەلىكىسى بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ قايغۇسىنى ۋە شاتلىقىنى كۈيلەيدىغان، ئەركىن مۇھەببەتنى، ئاياللار ئازادلىقىنى تەشەببۇس قىلىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى «زىبۇننىسا» (گۈزەل، چىرايلىق) تەخەللۇسىدا، ئۆز دەۋرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئەرەپ، پارس تىللىرىدا يازغان. پارس تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرى 1940 - يىلى تاجىكىستاندا «مەجمۇئەيى شېئىرھا» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ يەنە تۈرك تىلىدا يېزىلغان بىرقانچە پارچە شېئىرىمۇ بار.

**9. چىن مودەن (1740 — 1760)**

قۇمۇلنىڭ باغداش يېزىسىدا تۇغۇلغان. دادىسى ۋاڭنىڭ چارۋىچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى شەرۋانەم، ئوردىدىكىلەر ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى مودەنگۈلگە ئوخشىتىپ «چىن مودەن» دەپ ئاتاشقان. قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئوردىغا ئالدۇرماقچى بولغان. ئوردىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ سۆيگەن يىگىتى بىلەن قېچىپ كەتكەن، ئوردا لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، ئېلىشىش جەريانىدا قىرىپ تاشلىغان. شۇنداق قىلىپ، چىن مودەن ئەركىن مۇھەببەت، ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان.

**10. مايىسخان**

خەلق قوزغىلىڭىنىڭ باشچىسى. 1765 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى (جىگدە يېغىلىقى) پارتلىدى. قوزغىلاڭغا رەخمىتۇللا بەگ ۋە ئەسمىتۇللا بەگ ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەن باشچىلىق قىلدى. مايىسخان شۇ ئىككەيلەننىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ، قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتناشتى. قوزغىلاڭ 8 - ئايدا پاجىئەلىك مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، چىڭ قوشۇنلىرى قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك تۇردە قىرغان ھەم ئىلىغا سۈرگۈن قىلغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مايىسخان چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قىلچە قورقۇپ قالماي، 100 دىن ئارتۇق ئەر - ئايالنى تەشكىللەپ، تاغ - تۇرا، ئورمان، جاڭگاللاردا يوشۇرۇنۇپ پارتىزانلىق ئۇرۇشنى 3 ئاي داۋاملاشتۇرغان. ئاخىرىدا مايىسخان باشلىق 7 ئايال قوزغىلاڭچى قورشاۋدا قېلىپ، دۈشمەنگە باش ئەگمەي، تاغدىن سەكرەپ قۇربان بولغان. قوزغىلاڭنىڭ داۋامى بولغان بۇ جەڭ «مايىسخان جېڭى» دەپ ئاتالغان. ئۇچتۇرپان خەلقى مايىسخان باشلىق 7 قەھرىمان قىزغا ئۇلار قۇربان بولغان ئاقتوقاي تاغ تىزمىسى باغرىدا ھەيۋەتلىك قەبرە ياساپ، ئۇنى «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان قىزلىرىنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

**11. نۇزۇگۇم (1808 — 1827)**

نۇزۇگۇم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەيسەر جەڭچىسى ھەم ماھىر قوشاقچىسى. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى چولپانگۈل بولۇپ، قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. موللا بىلال نازىمنىڭ

يازغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ئوقۇغان، بىلىملىك قىز بولۇپ، بوغداي ئۆڭلۈك، قاراكۆز، قاراقاشلىق، نازۇك بەدەن بولغاچقا، قەشقەر خەلقى ئۇنى نۇزۇگۇم دەپ ئاتىغان.

نۇزۇگۇم 1826 - يىلدىكى مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان. ئىلىدا موڭغۇل ئەمەلدار ئۇنى مەجبۇرلاپ خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولغاندا، نۇزۇگۇم توي كېچىسى ئەمەلدارنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كەتكەن. قوغلىنىشتا 6 ئاي يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان. 3 ئاي زىندانغا سولانغاندىن كېيىن، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

نۇزۇگۇم ئۆزىنىڭ ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى، قايغۇسى، مۇھەببەت - نەپرىتى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلەپ نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان. خەلق ئۇنىڭ قوشاقلىرىنى تا بۈگۈنگىچە ئوقۇپ كەلمەكتە.

**12. مايىمخان (1812 — 1830)**

غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى دادامتۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەقىللىق، ناخشا خۇمار قوشاقچى قىز ئىدى. ئۇ، زالىملارنىڭ زۇلمىغا قارشى، ئەكسىيەتچىل ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇملىرىنى پاش قىلىدىغان نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان ھەم خەلق يىغىلغان سورۇنلاردا ناخشا قىلىپ ئېيتقان. خەلق مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ يۈرگەن. زالىم يۈز بېشى ھامۇتبەگ بۇنى ئاڭلاپ، شەنگەنگە يەتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن مايىمخان يامۇلغا سولىنىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قەبىھ ئۇسۇللار بىلەن ۋەھشىلەرچە قىيناپ سوراق قىلىنغان. ئەمما، مايىمخان پىسەنتمۇ قىلماي مۇستەبىت ھۆكۈمەت، زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى قوشاقلارنى توختاتمىغان. ئۇ يامۇلغا سولىنىپ، بىر يىلدىن كېيىن 1830 - يىلى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**13. مېھرىبانۇ**

XIX ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدىكى قۇمۇل ۋاڭى، ئۇ ئەسلى ئىلىلىق بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭى بىشىرغا ياتلىق بولۇپ كەلگەن. 1869 - يىلى بىشىرۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن خوتۇنى مېھرىبانۇ قۇمۇلغا ۋاڭ بولغان.

ئۇ مەزگىللەردە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. بەييەنخۇ يىغىلىقى يۈز بېرىپ، بىشىرۋاڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، مېھرىبانۇ بەييەنخۇ تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، كورلىدا بىر مەزگىل تۇرغان. بەييەنخۇ يىغىلىقى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، مېھرىبانۇ قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ، ئېرىنىڭ ئورنىغا ۋاڭ بولۇپ، يىغىلىقتا خاراپ بولغان قۇمۇل شەھىرىنى قايتا قۇرۇشقا كىرىشكەن. خەلققە پايدىلىق سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ، قىسقا مەزگىل ئىچىدە خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىنى خېلى ياخشىلىغان. ئۇ يەنە ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەپ، مەدرىس، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى، مۇئەسسەسە ھەم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىغىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. 1882 - يىلى ئۇ ۋاڭلىق ئورنىنى كۈيئوغلى شاھ مەخسۇتقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

**14. راھىلە**

شىنجاڭ يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى. ئۇ 1860 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. دادىسى مۇھەممەت سۇلتان خەلپىتىم ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشى بولغاچقا، قىزىنى ياخشى تەربىيىلىگەن. راھىلە دىنىي ھەم پەننىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن. مەرىپەتپەرۋەر ئاكا - ئۇكا مۇسابايوپلار 1885 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا قۇرغان يېڭى مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ قىزلار سىنىپىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. فېئودالىزم دەۋرىدە قىز - ئاياللارنىڭ پەن - بىلىملەرنى ئىگىلىشى ھەم ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، راھىلە مائارىپ سېپىدە 32 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بىردىنبىر ئايال سەركەردىسىگە ئايلاندى ھەم ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

**15. ئايخان ئانا**

ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئانا، يېڭى زامان تارىخىمىزدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ بىرى. ئۇ 1888 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. غۇلجىدا پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1933 — 1934 - يىللىرى دادىسى ۋە يولدىشىدىن قالغان مىراس تەئەللۇقاتىنى سەرپ قىلىپ، غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپ سالدۇردى. بۇ مەكتەپ «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. لېكىن جامائەتچىلىك بۇ مەكتەپكە كېيىن «ئايخان ئانا مەكتىپى» دەپ نام بەردى. ئوقۇغۇچى سانى بارا - بارا 300 گە يەتتى. بالىلارنىڭ پۈتۈن تەمىناتىنى ئايخان ئانا ئۈستىگە ئالدى. ئوقۇغۇچىلارغا مەكتەپ فورمىسى كىيگۈزدى، بۇ مەكتەپ ھازىرغىچە 50 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ باتۇرلۇق، ئەرك سۆيەرلىك ۋە قەھرىمانلىقىنىڭ ئۆلگىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ قىز - ئاياللارنىڭ مەيلى ئەسەرلىرىدە بولسۇن ياكى ئىش پائالىيەتلىرىدە بولسۇن، ئومۇمەن، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە ۋە زالىم ئەمەلدارلارنىڭ زۇلۇمىدىن شىكايەت قىلىش، ئەركىن

مۇھەببەتكە، ئىنساني ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىش روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز دەۋرلىرىدىكى ئىلغارلىقنى، ئەركىن ئىدىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

---


پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان. ئەخمەت سۇلايمان: «VII ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئانا ـ بالا سىياسىئونلار».

2. ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

3. ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىل نەشرى.

4. ئايگۈل ئوسمان: «قىتان خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى ئۇيغۇر ئايال شائىر»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى سانى.

5. مۆجىزى: «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

6. «بۇلاق» 1981 ـ يىللىق 3 ـ سان. «شائىرە زىبۇننىسا» ئابدۇرېھىم سابىت.

7. سەمەت ئەمەت: «چىن مودەن ۋەقەسى»، «قۇمۇل گېزىتى» 1999 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

8. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ: «نۇزۇگۇم»، «بۇلاق» 1981 ـ يىل 1 ـ سان.

9. «مايىمخان» قولىيازما.

10. «ئىپارخان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

11. ئايشەم ئەخمەت: «قۇمۇل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى.

12. «شىنجاڭدا ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى.

13. ئابدۇللا ئەخمىدى: «ئون ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان.

14. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (32)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىل نەشرى.

15. ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، 1987 ـ يىل نەشرى.


تەھرىرلىگۈچى: ئەخمەت جۇبەيرى

## «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ جايلاردىكى ۋاكالىتەن تارقىتىش نۇقتىلىرى

| | ئورنى | ئالاقىلاشقۇچى |
|---|---|---|
| 1 | دۆڭكۆۋرۈك كىتاب يايمىسى (دۆڭكۆۋرۈك مىللىي ماللار سودا سارىيىنىڭ ئالدىدا) | ئابدۇرېشىت |
| 2 | «ئالتۇن ئاچقۇچ» كىتاب يايمىسى (شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمەك دەرۋازىسى يېنىدا) | ئابدۇقەييۇم |
| 3 | تەڭرىقۇت كىتابخانىسى (ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازاتلىق يولى 171 ـ قورۇ) 2877704 | ئابلەت ئەمىر |
| 4 | نەۋائىي كىتابخانىسى (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدا) 2874123 | نۇرمۇھەممەت |
| 5 | بۇلاق كىتابخانىسى (ئۈرۈمچى قىران بۇركۇت سودا سارىيى ئىچىدە) | مەۋلان مەمتىمىن |
| 6 | سەئىدىيە كۈتۈبخانىسى (ئۈرۈمچى 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ يېنىدا) | شەۋكەت |
| 7 | شەرقىي جۇڭغارىيە مىللىي كىتابخانىسى (شەرقىي جۇڭغار نېفىتلىكىدە) | تۇرسۇن ئابلا |
| 8 | ئۈرۈمچى «ئىدىقۇت» كىتابخانىسى | ئابلاجان |
| 9 | قەشقەر تەڭرىتاغ كىتابخانىسى (قەشقەر شەھىرى نوبېشى يولى 78 ـ نومۇر) 2827243 | مۇھەممەت تۇرسۇن يۇسۇپ |
| 10 | قەشقەر مەھمۇد قەشقىرى كىتابخانىسى (قەشقەر شەھىرى شىمالىي ئازادلىق يولى 140 ـ نومۇر) | مۇختار ماموت |
| 11 | قەشقەر «قۇتادغۇبىلىك» كىتابخانىسى (قشقەر شەھىرىدە) | مەمتىمىن ئايۇپ تاھىرى |
| 12 | فارابى كىتابخانىسى (پەيزىۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدا) 6722142 | تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم |
| 13 | تۇرپان ۋىلايەتلىك كىتابخانا | ئەنۋەر |

# ئەنئەنىۋى تۈگمەن ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى

توختى داۋۇت

(خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن)

تۈگمەننىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن كەشپ قىلىنىپ ئىشلىتىلىشكە باشلانغانلىقى ھەققىدە تا ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئەمما ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىل داۋامىدا ئۇنى ئىشلىتىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم.

تۈگمەن تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ياغاچ تاقاق، ياغاچ نور، چاقپېلەك، تۆمۈر ئوق، تېگى تاش، تۆپە تاش، خامپا، چېقىلدۇرغۇچ، سۇگەن ۋە تەڭشىگۈچ قاتارلىق بۆلەكلەردىن تەركىب تاپىدۇ، بۇلار بىر-بىرىگە ئۆز ئارا زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ھەربىر بۆلەكنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن رولى بولىدۇ.

سۇ مەنبەسىگە ئاساسەن تۈگمەن ئورنى مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ياغاچتىن چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان تۈگمەن گەۋدىسى ياساپ چىقىلىدۇ، بۇ ئاساسەن كىشىلەرنىڭ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، ئارام ئېلىش، ئاشلىقلارنى ساقلاش ۋە ئۇنىڭ شامالدا توزۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

ياغاچ تاقاق ياغاچ نورنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇ ياغاچ نورغا چۈشىدىغان سۇنى ئازايتىش ياكى توختىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ياغاچ نور يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مۇۋاپىق شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ياغاچ نوردىن چۈشكەن سۇ كۈچلۈك بېسىم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق چاقپېلەكنى ئايلاندۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەڭ تۆمۈرئوق بىلەن تۈگمەن تۆپە تېشىمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. تۈگمەن تېشى تاشچىلار تەرىپىدىن مەخسۇس ياسىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى خېلى يىراق جايلاردىن يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلىدۇ. تۆمۈر ئوقنىڭ شارەكسىمان ئاستىنقى قىسمى تەڭشىگۈچ ئاستىنقى چوڭ ياغىچىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا، تۆمۈر ئوقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بولسا تۈگمەن تېگى تېشىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ مىنۇس شەكلىدە تۈگمەن تۆپە تېشىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تۆپە تاش بىلەن تېگى تاشنىڭ چوڭلىرىنىڭ ئومۇمىي ئايلانمىسى تەخمىنەن 3 مېتىر ئەتراپىدا، قېلىنلىقى ئادەتتە 8 سانتىمېتىردىن 10 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۇن چۈشىدىغان خامپا تېگى تاشنىڭ ئالدىنقى يان تەرىپىگە تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا پەسرەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۈگۈت سالىدىغان سۇگەن نېپىز تاختايدىن تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە كونۇسسىمان ياسىلىپ، تۆت بۇرجىكىدىن ئارغامچا بىلەن تۈگمەننىڭ لىمىغا چىڭ ئېسىپ قويۇلىدۇ. چېقىلدىغۇچ ئالما ياكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاچىماق شېخىدىن ياسىلىپ تۆپە تاش بىلەن سۇگەننىڭ ئاستىنقى قىسمىغا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇ تۆپە تاشنىڭ تېز ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ سۇگەننىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى ئۈگۈتنى تەۋرىتىپ، تۈگمەن تېشىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. نەتىجىدە بىر خىل رىتىمدا توختىماي






چۈشۈۋاتقان ئۇگۇت تۆپە تاشنىڭ ھەرىكەت بېسىمى ئارقىلىق يەنجىلىپ ئۇن بولۇپ ئۈزلۈكسىز خامپىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ.

تۈگمەن ئىچىگە ياغاچتىن ياسالغان تەڭشىگۈچ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسكۇنە ئورنىتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى چاقپېلەك ئوقى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئۇنى پىشاڭ ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرسە قارا ئاشلىقتىن يىرىكرەك ئۇن تارتىلى، ئاستىغا ئازراق چۈشۈرسە بۇغدايدىن يۇمشاق ئۇن تارتىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن سۇ تۈگمىنى سۇنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئايلىنىدىغان بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇن تارتىش قورالى بولۇپ، خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان.

تۈگمەننىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئۇنى ياساشمۇ بىر قەدەر ئوڭاي بولۇپ، ئومۇمەن ئادەتتىكى ئۆستەڭلەردىكى سۇنىڭ پەسىيىش پەرقى 2 — 3 مېتىر بولسىلا تۈگمەن چۆرۈگىلى بولىدۇ. تۈگمەن چۆرۈشكە كېرەكلىك سۇنىڭ مىقدارى 0.2 كۇب مېتىردىن 0.3 كۇب مېتىرغىچە بولىدۇ.

تۈگمەن ئادەتتە ئاھالىلەر زىچراق ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئەمەس بەلكى سۇ مەنبەسى مول، تۈگمەن چۆرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان جايلاردا ياسىلىدۇ. تۈگمەن ئەينى ۋاقىتتا خەلق تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەلقىمىز تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە سۇ تۈگمىنىدىن باشقا يەنە «يارغۇنچاق» دەپ ئاتىلىدىغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان كىچىك تاش تۈگمىنى ياساپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى سۇ تۈگمەنلىرى پۈتۈنلەي شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولغان. 1954 ـ يىلدىن كېيىن كوللېكتىپ-نىڭ ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

1960 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، بەزى جايلاردا 1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە دىزېل ماتور ياكى ئېلېكتىرماتور بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پولات تۈگمەنلەردە ئۇن تارتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى سۇ تۈگمەنلىرى بارا ـ بارا ئىشلىتىلىشتىن قالدى.

1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە توك باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئۇن تارتىش ھەققىمۇ تەدرىجىي ئۆستى. بۇ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زاۋۇت ئىگىلىرىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا قوناق ئۇنى تارتىپ بېرىشنى خالىمىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ پاكىز ۋە ياخشى ئاشلىقلىرىغا ناچار ئۇنلارنى تېگىشىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت ـ يىراق يېزا ـ كەنتلىرىدە سۇ تۈگمىنى يەنە ئاستا ـ ئاستا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

دېمەك، بۇ خىل ئەھۋال ئەنئەنىۋى سۇ تۈگمىنىنىڭ كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھەققىي تۈردە ئىسپاتلىدى.

تەھرىرلىگۈچى: جەمىلە ئابلا

# II باب چيەنلۇڭ خاننىڭ شىنجاڭغا هۆكۈمرانلىق قىلىش سىياسىتى

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى غەربىي شىمالنىڭ مۇداپىئەسىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، غايەت زور مىقداردىكى پۇلنىڭ چىقىم بولىدىغانلىقىغا قارىماي جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىپ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى قايتىدىن جۇڭگوغا تەۋە قىلدى، بۇنى ئۇلۇغ بىر هەرىكەت دېمەي بولمايدۇ. ئەمما بۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇنى ساقلاپ تۇرۇش بولسا، تېخىمۇ تەس ئىشتۇر. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى شىنجاڭغا هۆكۈمرانلىق قىلىشتا قانداق تاكتىكىلارنى ئىشلەتتى؟ هۆكۈمرانلىق قىلىش تاكتىكىسى يالغۇز بىرلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ مۇهىملىرىنى يىغىنچاقلىساق، هەربىي مەهكىمە تەسىس قىلىش، نۇرغۇن ئەسكەر تۇرغۇزۇپ باستۇرۇش ۋە قورقۇتۇش؛ ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئېچىش، چارۋىچىلىقنى يولغا قويۇش، خىراجەت غەملەپ ئۇلارغا ياردەم قىلىش؛ يەنە ئۇنۋان - ئاتاق تەقدىم قىلىپ، مائاش - تەمىنات بېرىپ، ئۇلارنىڭ (يەرلىك خەلقنىڭ) باشلىقلىرىنى بېقىندا قىلىۋېلىش، دىنىغا هۆرمەت قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا يول قويۇپ، پۇقرالىرىنى بەزلەش (خاتىرجەم قىلىش) تىن ئىبارەت. مانا بۇلارنى چيەنلۇڭ خان بېكىتىپ ئىجرا قىلدى، جياچىڭ، داۋگۇاڭ، شيەنفېڭ، تۇڭجى خانلار داۋرىدىمۇ بۇنىڭغا ئەمەل قىلىندى.

## 1 § . شىنجاڭدا تەسىس قىلىنغان ئەمەللەر ۋە تۇرغۇزۇلغان ئەسكەرلەر

تەڭرىتاغنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ئىچكىرىگە قارىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا هۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى ئاساسلىق سىياسەت دۆلەت مۇداپىئەسى بىلەن پۇقرالار ئىشلىرىنى ئىككىگە ئايرىۋېتىش بولدى: دۆلەت مۇداپىئەسى هوقۇقى ئوردا ئىلكىدە بولدى، جاڭجۈن، ئامباللار ئەۋەتىپ هوقۇق يۈرگۈزۈلدى، هەرخىل مۇداپىئە ئەسكەرلىرى مۇهىم ئورۇنلاردا تۇرغۇزۇلدى، بۇ ئەسكەرلەر جاڭجۈن ئامباللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، بۇ هەربىي مەهكىمە تۈزۈمى دەپ ئاتالدى؛ پۇقرالار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، ئاز ساندىكى جايلاردا ئايماق ۋە ناهىيە تەسىس قىلىندى. كۆپ ساندىكى رايونلاردا موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋاڭ - گۇڭلىرى ۋە بەگلىرى تەيىنلىنىپ، پۇقرالار ئىشلىرى ئۇلار تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ يۇمشاق ۋاستە بىلەن باشقۇرۇش سىياسىتى دەپ ئاتالدى. ئەسكەرلەرنى باشقۇرىدىغان



ئەمەلدارلار كۆپ، پۇقرالارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار ئاز بولدى. تۆۋەندە بۇلارنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**1. ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى** ھەربىي مەھكىمە ئىلىدا قۇرۇلدى. مىنگودىن 150 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 27 - يىلى) ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر تۇتاش ئىدارە قىلىدىغان بىرنەپەر جياڭجۈن تەيىن قىلىندى، ئۇ ئىلىدىكى كۈرە شەھىرىدە تۇراتتى، ئۇنىڭ ھوقۇقى شىمالىي يول بىلەن جەنۇبىي يولدا مۇداپىئەدە تۇرغۇزۇلغان ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەرلەرنى باشقۇرۇش، قول ئاستىدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىش ۋە تىنچلاندۇرۇش، بېقىندى خەلقنى نازارەت قىلىش بولۇپ، ئۇ شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان ئەڭ ئالىي ئەمەلدار ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىدە تۇتۇق تەيىن قىلىندى، ئىلى، چۆچەك، قەشقەرلەرنىڭ ھەرقايسىسىدا بىردىن مەسلىھەتچى ئامبال تەيىن قىلىندى؛ باشقا ھەرقايسى شەھەرلەردە ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال، ياندىش ياردەمچى ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال ياكى لەشكەر بېشى ئامبال تەيىن قىلىندى، بۇ ھەرقايسى ئامباللارنىڭ شىمالىي شىنجاڭدىكىلىرى (قۇمۇل بىلەن تۇرپان جەنۇبىي شىنجاڭغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشتا شىمالىي شىنجاڭغا قوشۇلغانىدى) ئۈرۈمچى تۇتۇقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى؛ جەنۇبىي شىنجاڭدىكىلىرى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. تۇتۇق مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ تۆۋەندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۈنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مانا بۇلار شىنجاڭدا مۇداپىئەدە تۇرغان جاڭجۈن، ئامباللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇلارنى تۆۋەندە جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىمىز.

### شىنجاڭدا مۇداپىئەدە تۇرغان جاڭجۈن ۋە ئامباللار

ئىلى جياڭجۈن بىرنەپەر، مەسلىھەتچى ئامبال بىرنەپەر، لەشكەر بېشى ئامبال بەش نەپەر (بىر نەپىرى غۇلجا قەلئەسىدە تۇرۇپ مانجۇ گازارمىسىنى باشقۇرىدى. تۆت نەپىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا شىبە، سولۇن، چاخار، ئۆيرات گازارمىلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدى.

تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبال بىر نەپەر، ئىش باشقۇرغۇچى قوشۇمچە لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر، ياندىش قوشۇمچە لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر.

| | |
|---|---|
| ئۈرۈمچى | تۇتۇق بىر نەپەر، لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر. |
| باركۆل | لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر. |
| گۇچۇڭ | لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر. |
| كورقاراسۇ | لەشكەر بېشى ئامبال بىرنەپەر. |
| تۇرپان | لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر. |
| قۇمۇل | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىرنەپەر، ياندىش ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىرنەپەر |
| قەشقەر | مەسلىھەتچى ئامبال بىر نەپەر، ياندىش ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |
| يېڭىسار | لەشكەر بېشى ئامبال بىر نەپەر |
| ياركەنت | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر، ياندىش ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |
| خوتەن | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر، ياندىش ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

| | |
|---|---|
| ئۇچتۇرپان | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |
| ئاقسۇ | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |
| كۇچا | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |
| قاراشەھەر | ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال بىر نەپەر |

يۇقىرىقىلار «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» ناملىق كىتابقا ئاساسەن تۈزۈلدى. «پادىشاھلىق زېمىن — غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» گە قارىساق، ئۇلاردىكى خاتىرىلەر بۇنىڭغا ئانچە ئوخشىمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى يىللارنىڭ ئۆتۈشى جەريانىدا، كۆپەيتىپ ياكى ئازايتىپ تۇرغانلىقتىن ھەمدە ئورنىنى يۆتكەپ تۇرغانلىقتىن بولسا كېرەك. بۇنداق يۆتكەپ تەسىس قىلىشنىڭ بىرقەدەر مۇھىملىرىنى جەزمەن كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك، مەسىلەن: قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى مىنگودىن 147 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 30 - يىلى) ئۇچتۇرپانغا يۆتكەلدى، 22 يىلدىن كېيىن، يەنە قەشقەرگە يۆتكەلدى، مىنگودىن 81 يىل بۇرۇن (داۋگۇاڭ 11 - يىلى) ياركەنتكە يۆتكەلدى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچى، قەشقەر شىنجاڭنىڭ تۆت چوڭ بازىرى ھېسابلىنىدۇ.

**2. قوشۇنىنىڭ مۇداپىئەدە تۇرغان ئورنىنىڭ جايلىشىشى**

مۇداپىئەدە تۇرغۇچى ئەسكەرلەرنى تەقسىم قىلىش ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بەلگىلەندى. ئاساسەن چوڭ جەھەتتىن شىمالىي يول، شەرقىي يول، جەنۇبىي يول دەپ 3 يولغا بۆلۈندى. ئەسكەرنىڭ تۈرى مۇنداق بولدى: مانجۇ - موڭغۇل ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرى، يېشىل تۇغلۇق ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر (يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلەر خەنزۇ ئەسكەرلەر)، شىبە، سولۇن - داغۇر، چاخار، ئويرات، شابىنار، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى قاتارلىقلار. ئەسكەر سانى مۇقىم بولمىدى، يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئارتىپ ياكى كېمىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئانچە پەرقلەنمىدى. ئاز بولغاندا 19 مىڭدىن ئارتۇق بولدى، كۆپ بولغاندا 23 مىڭدىن ئارتۇق بولدى.

1) شىمالىي يولدا مۇداپىئەدە تۇرغان ئەسكەرلەر

تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى زېمىن ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئادەم شالاڭ ئولتۇراقلاشقان. غەربىي تەرىپى قازاقلار بىلەن بۆيرۆت قاتارلىق كۆچلۈك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ يېرىگە تۇتىشىدۇ، ئەگەر تولۇق مۇداپىئە تەييارلىقى بولمىسا، ئاسانلا ئۇلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ئۇچراش ئېھتىماللىقى بار ئىدى، شۇڭا بۇ زېمىندا تۇرغۇزۇلغان ئەسكەر ئالاھىدە كۆپ بولدى. مەسىلەن: ئىلىدىكى كۈرە قەلئەسىدە 4000 مانجۇ ئەسكىرى تۇرغۇزۇلدى، غۇلجا قەلئەسىدە 2140 مانجۇ ئەسكىرى تۇرغۇزۇلدى. ئىلى دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1000 شىبە ئەسكىرى، 1000 سولۇن - داغۇر ئەسكىرى، 1000 چاخار ئەسكىرى، 2800 ئويرات ئەسكىرى، 600 شابىناز ئەسكىرى تۇرغۇزۇلدى. بەش نەپەر لەشكەر بېشى ئامبال تەسىس قىلىنىپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرقايسى گازارمىلارنى باشقۇردى. داغۇرلار بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاندىن تاشقىرى، باشقىلىرى بىردەك ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ۋە قەرەللىك ھالدا مەشىق قىلدۇرۇلدى. جەمئىي 13 مىڭ 340 ئەسكەر مۇداپىئەدە تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ چېگرا مۇداپىئەسىگە كەلگەنلەر بولۇپ، شۇ چاغلاردا مۇقىم تۇرغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. ئىككى يىلدا مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇرۇشقا 800 ئەسكەر ئەۋەتىلدى، چۆچەككە ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇرۇشقا 1500 ئەسكەر ئەۋەتىلدى (چۆچەكتە ئەسلى مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەر 900

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

نەپەر ئىدى، بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان يېشىل تۇغلۇق ئەسكەر 600 نەپەر ئىدى. كېيىن مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر چېكىندۈرۈلۈپ، پەقەت مۇداپىئەگە ئالماشقان ۋە تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان 2000 ئەسكەرلا قالدۇرۇلدى).

**قوشۇمچە**

ئىلىدا ئەسكەر تۇرغۇزۇشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى

(1) كۈرە قەلئەسىدىكى مانجۇ گازارمىسى چيەنلۇڭ 29 ـ يىلدىن 31 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا باشلانغان، ئەسكەرلەر رېخې، لياڭجۇ، جۇاڭلاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. (2) غۇلجا قەلئەسىدىكى مانجۇ گازارمىسى چيەنلۇڭ 35 ـ يىلىدىن 36 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا باشلانغان، ئەسكەرلەر شىئەندىن يۆتكەپ كېلىنگەن. (3) شىبە گازارمىسى چيەنلۇڭ 30 ـ يىلى باشلانغان، ئەسكەرلەر شېڭجىڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. (4) سولۇن ـ داغۇر گازارمىسى چيەنلۇڭ 29 ـ يىلى باشلانغان، ئەسكەرلەر خېيلۇڭجياڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. (5) چاخار گازارمىسى چيەنلۇڭ 29 ـ يىلى باشلانغان، ئەسكەرلەر جاڭجياكۇنىڭ سىرتىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن. (6) ئۆيرات گازارمىسى چيەنلۇڭ 29 ـ يىلى باشلانغان، ئەسكەرلەر رېخېدىن يۆتكەپ كېلىنگەن؛ جۇڭغارلار زاۋال تاپماستىن بۇرۇن كىچىك سېرىن دوندۇبنىڭ ئوغلى داشداۋا ئۇلارنىڭ خانى لامادارجا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ پۇقرالىرى ئىچكىرىگە بېقىنغان بولۇپ، ئۇلار رېخې ئۆلكىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. جۇڭغارلار زاۋال تاپقاندىن كېيىن، قالدۇق خەلقى تاغ جىلغىلىرىغا تارقىلىپ ئورۇنلاشتى، چيەنلۇڭ 25 ـ يىلىدىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن ئەل قىلىنىپ، ئاتلىق ئەسكەر قىلىپ تەشكىللەندى؛ بىر قىسمى قازاقلار بىلەن بۇيرۇتلار تەرەپكە چىقىپ كەتتى. (7) شابىنار گازارمىسى بۇلار چيەنلۇڭ 36 ـ يىلى تۇرغۇتلارغا ئەگىشىپ قايتىپ كەلگەنلەر. (8) يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسىدىكى تېرىقچىلىق قىلغۇچى ئەسكەرلەر چيەنلۇڭ 25 ـ يىلىدىن 35 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەنشى ئۆلكىسى بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن، 43 ـ يىلىدىن باشلاپ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىشكە ئۆزگەرتىلدى. بۇلار ھەرقايسى گازارمىلاردىكى ئامبال ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن كېلىپ مۇداپىئەدە تۇرۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى. ھەرقايسى گازارمىلاردا تۇرۇشلۇق نوپۇس ناھايىتى تېز كۆپەيدى. جياچىڭ يىللىرىغا كەلگەندە، جاڭجۇن سۇڭ جۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان، نوپۇس سانى جەمئىي 98 مىڭ 300 دىن ئارتۇق بولغان. بۇنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

| | |
|---|---|
| كۈرە قەلئەسىدىكى مانجۇ گازارمىسى | 22 مىڭ 600 نوپۇس |
| غۇلجا قەلئەسىدىكى مانجۇ گازارمىسى | 13 مىڭ 340 نوپۇس |
| شىبە گازارمىسى | 9200 نوپۇس |
| سولۇن گازارمىسى | 4500 نوپۇس |
| چاخار گازارمىسى | 11 مىڭ 700 نوپۇس |
| ئۆيرات گازارمىسى | 26 مىڭ 300 نوپۇس |
| يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسى | 10 مىڭ 700 نوپۇس |
| جەمئىي | 98 مىڭ 340 نوپۇس |

2) شەرقىي يولدا مۇداپىئەدە تۇرغان ئەسكەرلەر

ئۈرۈمچى شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغاچقا، مۇداپىئە ھەيۋىسىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، ئالاھىدە تۈردە كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇلدى. جەمئىي 3400 دىن ئارتۇق مانجۇ ئەسكىرى مۇداپىئەدە تۇردى. ئۇلارنى تۇتۇق باشقۇردى. قوشۇمچە بارىكۆلدىكى مۇئاۋىن تۇتۇق باشچىلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرغان 1000 ئەسكەر گۇچۇڭدىكى مۇئاۋىن تۇتۇق باشچىلىقىدا مۇداپىئەدە تۇرغان 1000 ئەسكەرنى باشقۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلى جاڭجۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ھەرخىل ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن مۇقىم تۇردى.

3) جەنۇبىي يولدا ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇرغان ئەسكەرلەر

جەنۇبىي يولدىكى مۇسۇلمان پۇقرالار ئادەتتە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، شەھەر ـ قەلئەلەر كەڭ دائىرىگە تارقالغان، نەچچە مىڭ چاقىرىم كەڭ زېمىندا ئادەم شالاڭ ئورۇنلاشقان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭغا تامامەن ئوخشىمايتتى. ئىچكىرىگە قارىغاندىن كېيىن، ئۆتەڭ ۋە قاراۋۇلخانىلار قۇرۇلغاندىن تاشقىرى، ھەرقايسى شەھەرلەردە كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇش ھاجەتسىز دەپ قارالدى. دەسلەپتە ئاقسۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، قەشقەر بىلەن ياركەنت مۇسۇلمان شەھەرلىرىنىڭ تاجى دەپ قارالغانلىقتىن ۋە يېڭىسار يات ئەللەر بىلەن چېگرىداش بولغانلىقتىن، بۇ تۆت جايدا قوشۇمچە مانجۇ گازارمىسى ۋە يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسى قۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى بۆلۈپ تۇرغۇزۇپ قوغدىدى. باشقا جايلار، مەسىلەن: قۇمۇل، قاراشەھەر، كۇچا، سايرام، ئۇچتۇرپان، خوتەن قاتارلىق جايلارنى قوغداش ئۈچۈن، پەقەت يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسى قالدۇرۇلدى. مىنگودىن 146 يىل بۇرۇن (چيەنلۇڭ 31 ـ يىلى) ئاقسۇدىكى مانجۇ گازارمىسى يۆتكىلىپ ئۇچتۇرپاندا تۇردى، ئۇچتۇرپان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم بازار بولغانلىقتىن، ئاقسۇدا پەقەت يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسى قالدۇرۇلدى. ئۇزاقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسكەر سانىنى كۆپەيتىش

ياكى ئازايتىش، جاڭجۇن ۋە ئامبال قاتارلىقلارنى ئەۋەتىش ئەھۋالغا قاراپ دائىم ئۆزگەرتىپ تۇرۇلدى، ئەسكەر سانى تەخمىنەن 5000 بىلەن 6000 ئارىلىقىدا بولدى. مانجۇ گازارمىسىنى ياردەمچى ئەمىر (نىرۇئىبېرجىن) باشقۇردى، يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسىنى گازارما ئەمەلدارى باشقۇردى. بۇ ئىككى خىل ئەسكەرلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ مۇقىم تۇرغۇچىلار ئەمەس. مانجۇ گازارمىسى ئەسكەرلىرى ئىلىدىن ئەۋەتىلدى، يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسى ئەسكەرلىرى شەنشى، گەنسۇ ۋە ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ ئەۋەتىلدى، دەسلەپتە ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇش قارار قىلىنغان، كېيىن بەش يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، ئەسكەرلەر نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇردى. يەنە ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھەرقايسى شەھەر بەگلىرىنىڭ قارىمىقىدا بولدى، ئەمما ھەممىسى جياڭجۈن ۋە ئامباللارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، يەنە بارىكۆل باش بۇغى، قۇمۇل ئورۇنباسار جاڭجۇنى يېشىل تۇغلۇقلار گازارمىسىنى باشقۇردى ۋە شەنشى، گەنسۇ باش ھەربىي ۋالىيسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، شىنجاڭدا مۇداپىئەدە تۇرغانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى.

مۇداپىئەدە تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 19 مىڭدىن ئارتۇق بولدى. شىمالىي يولدىكى ئەسكەرلەر ئەڭ كۆپ بولدى، شەرقىي يولدىكى ئەسكەر سانى 2 ـ ئورۇندا تۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقىم تۇرغۇچى ئەسكەر ئىدى؛ جەنۇبىي يولدىكى ئەسكەرلەر سانى ئەڭ ئاز بولدى، يەنە ئۇلار ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇرىدىغان ئەسكەرلەر ئىدى. شەرقىي يول بىلەن شىمالىي يول ئەسكەرلىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا تۇردى، بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى ئەسكەر تۇرغۇزۇش تۈزۈمىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىغا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىنى 2 ـ ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 3. يەرلىك مەمۇرىيەت

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى باشقۇرۇشتا ئۇلارنىڭ

ئۆرپ ئادەتلىرىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان شەكىل قوللىنىلدى، ئاساسەن ئايماق ناھىيە، جاساق، بەگدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندە ئايرىم - ئايرىم بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1) ئايماق ناھىيە تۈزۈمى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئۈرۈمچى شەھىرى، باركۆلگە قاراشلىق جايلار، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرپاندا ئاھالە تۇرغۇزۇپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇپ، كۆپلەپ ئادەم چاقىرىپ كېلىندى، ئىچكىرىدىكى خەنزۇلار بىلەن خەنزۇ مۇسۇلمانلىرى (خۇيزۇلار) يۇك - تاقىنى ئېلىپ قوۋۇقتىن چىقىپ، بۇ جايلاردا ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىپ، يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلدى، ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ نەچچە تۈمەن ئادەمگە يەتتى (تەپسىلي ئەھۋالنى كېيىنكى پاراگرافتىن كۆرۈڭ)، چيەنلۇڭ خان دەۋرىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى جايلار ئايرىپ چىقىلىپ، جېندى يولى (ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون) تەسىس قىلىندى، ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىگە تەۋە بولدى. ئۇنىڭ تەسىس قىلىنىشى تۆۋەندىكىچە:

جېندى يولى بىرنەپەر جېندى ئاشلىق ئىشلىرى ۋە ھەربىي تەييارلىقنى ئايرىم - ئايرىم چارلىغۇچى يول ئامبىلى تەسىس قىلىندى، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇردى، بىر ۋىلايەت، بىر ئايماقنى باشقۇردى.

جېشى ئايمىقى ئايماق بېگى بىرنەپەر، باركۆلدە تۇردى، ئىككى ناھىيىنى باشقۇردى. ئاراتۇرۇك (ناھىيە مەركىزى باركۆلدە بولدى)، گۇچۇڭ ناھىيە (ناھىيە مەركىزى مورى دەرياسىنىڭ غەربىدە بولدى) لىرىگە بىردىن ھاكىم قويۇلدى.

ئۈرۈمچى بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى ئايماق بېگى بىر نەپەر. ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇردى، ئۈچ ناھىيىنى باشقۇردى. بۇلار سانجى، سۈيلەي، فۇكاڭ ناھىيىلىرى بولۇپ، ھەر بىر ناھىيىگە بىردىن ھاكىم قويۇلدى، قۇتۇبىغا بىر نەپەر سەييارە ئامبال قويۇلدى، جىمىسارغا بىرنەپەر ھاكىم ياردەمچىسى سەييارە ئامبىلى قويۇلدى.

تۇرپان بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى پۇقرالار ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى ياردەمچى ئايماق بېگى بىر نەپەر.

2) جاساق تۈزۈمى جاساق تۈزۈمىنى تۆتكە بۆلۈشكە بولىدۇ: قۇمۇل، تۇرپان (خەلقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ) تۇرغۇت، خۇشۇت (خەلقى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ). بۇلارنىڭ جاساقلىقىنى ھەرقايسى ۋاڭ، گۇڭ، بېيلى، بېيزى، تەيجى قاتارلىقلار ئۆز ئۈستىگە ئالدى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى، ئۇلاردا ئۆز قارىمىقىدىكى يەرلەر بىلەن خەلقنى تولۇق باشقۇرۇش ھوقۇقى بولدى. لېكىن ئۆز تەۋەسىدىكى يەردە تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرغۇچى ئامبال ياكى لەشكەر بېشى ئامبالنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى خەلق ئوردا ياكى شىنجاڭدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان ئەمەلدارلارغا قارىتا ھېچقانداق ھاشار، باج - سېلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىدى. بۇ جايلار فېئوداللىق تۈزۈم ئاستىدىكى بەگلىكلەرگە ئوخشايتتى. پەقەت تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەت ئېتىزلىرىنى تېرىپ، ھەر يىلى يەر ئىجارىسى تاپشۇرۇپ تۇردى، بۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ رايون دائىرىسى ۋە تەشكىلى ئالدىنقى باپنىڭ ئىككىنچى پاراگراف بىلەن ئالتىنچى پاراگرافىدا كۆرسىتىلگەن، شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز.

3) بەگلىك تۈزۈمى بەگ ئۇيغۇرلارنىڭ كونا سۆزى بولۇپ، ئۇ ئەمەلدار دېگەنلىك بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنى جازالىغىلى كىرگەندە، ھەرقايسى شەھەر بەگلىرىنىڭ كۆپى ۋەزىيەتكە قاراپ تەسلىم بولۇپ بېقىندى، بەزىلىرى ھەربىي يۈرۈشتە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى، ۋەقە تىنچىغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 8 چوڭ شەھەردىن قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان شەھەرلىرى شەرقىي 4 شەھەر بولدى، قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن ۋەخوتەن غەربىي 4 شەھەر بولدى. 8 شەھەرنىڭ يەنە ئۆزىگە قاراشلىق كىچىك شەھەرلىرى بولۇپ، ھەرقايسى شەھەر خەلقىنىڭ

ئىرقى، دىنى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئايماق، ناھىيە تۈزۈمى بىلەن باشقۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كونا تۈزۈمى بويىچە، ھاكىم بەگ تەيىن قىلىنىپ باشقۇرۇلدى، ئورنىنىڭ ئەمەل دەرىجىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھاكىم بەگلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى 6 ـ دەرىجىگە، ئەڭ يۇقىرىسى 3 ـ دەرىجىگە توغرا كېلىدۇ. يەنە ئىشىكئاغا بېگى تەيىن قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ياردەمچى بولدى. ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە ھەرخىل بەگلەر تەيىن قىلىنىپ، ھەر تۈرلۈك ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەمەلدار قويۇشتا دەسلەپتە ئۇنىڭغا مۇقىم سان بەلگىلەنمىدى، شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئىشنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئاددىيلىقىغا قاراپ، سانىغا چەك قويۇلدى. ئۇلارغا مائاش ئورنىدا يەر بېرىلدى، ئۇنى تەقدىم قىلىنغان يانچىلار تېرىپ بەردى، ھەرقايسى بەگلەرنىڭ مائاشى ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولدى. ئۇلارنى تەكشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆستۈرۈش ھوقۇقى بىردەك ئىش باشقۇرغۇچى ياكى لەشكەر بېشى ئامباللارنىڭ ئىلكىدە بولدى. ھېچكىمنىڭ يېنىكلىك قىلىپ ئۇنىڭ ئىشىغا توسالغۇلۇق قىلىشىغا بولمايتتى. ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىنمايتتى. ئۇلارنى تەيىنلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆستۈرۈش، يۆتكەش توغرىسىدا بەلگىلەنگەن نىزام بار ئىدى. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىم بەگلىرى، ئىشىكئاغا بەگلىرى شۇ جاينىڭ ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر ئىدى (ئۇلار ئىچكىرىدىكى ئايماق بېگى ۋە ھاكىملارغا ئوخشاپ كېتىدۇ). ئىچكىرىدىكى ئۆز ئۆلكىسىدىن چەتلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە، ئۇلار ھەرقايسى شەھەرلەردىن تاللاپ تەيىنلەندى، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىم بەگلىرىنىڭ ھەممىسى قۇمۇل، تۇرپاننىڭ ۋاڭ جەمەتلىرى ۋە بۇرۇن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا تەسلىم بولغان بەگلەر، ئالاھىدە تۆھپىسى بارلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ، گۇڭ قاتارلىق ئاتاق ـ ئۇنۋان ئالغانلاردىن بولدى. ئۇلارنىڭ ئاتاق ـ ئۇنۋانىغا ۋارىسلىق قىلىنىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايتتى، بۇ ئۇلارنىڭ قۇمۇل، تۇرپاننىڭ ۋارىسلىق قىلىنىدىغان جاساقلىرىغا ئوخشىمايدىغان تەرىپى. ھەرقايسى شەھەر خەلقى سېلىق ۋە باج تاپشۇرۇپ، ھاشارغا چىقىپ، مۇداپىئەدە تۇرغان ئامباللىنىڭ خىراجىتىنى تەمىن ئېتەتتى، بۇ قۇمۇل بىلەن تۇرپانغا ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەرىپى.

**قوشۇمچە:** بەگلەرنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى، يۆتكىلىشى، بوش ئورۇن سانى ھەمدە ئۇلارغا بېرىلىدىغان دىيانەتلىك بولۇش پۇلى

بەگلەرنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسىدىن ئالغاندا، ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغانلار، خاس ئىشنى باشقۇرىدىغانلار، چوڭلىرى ۋە كىچىكلىرى، ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلىرى بار، ھەرقايسىسىنىڭ دەرىجە پەرقى بار، بۇ يەردە رەڭدار كۆزلۈكلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى تەپسىلىي كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

| | |
|---|---|
| ھاكىم بەگ | يەرلىكنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدۇ |
| ئىشىكئاغا بەگ | يەرلىكنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ياردەملىشىپ باشقۇرىدۇ |
| شاڭ بەگ | مەخسۇس غەللە ـ پاراق يىغىدۇ |
| غەزىنىچى بەگ | يەر ـ زېمىن ۋە غەللە ـ پاراق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |

www.uyghurkitap.com



| | |
|---|---|
| قازى بەگ | مەخسۇس ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |
| مىراب بەگ | ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە سۇغىرىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |
| مۆتىسىب بەگ | دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دىنىي ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ، پۇقرالار ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ |
| مۆتىۋەللى بەگ | تېرىلغۇ يەر، باغ - ۋاران، قورۇ - جاي ۋە مال - مۈلۈكلەرنى سېتىش ۋە سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ توختام ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ، ئەرز - دەۋالىرىنى سوراپ ھەل قىلىدۇ |
| ناقىپ بەگ | قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆستىلىرى ۋە تىجارەت ئىشلىرى قاتارلىق جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |
| باجگىر بەگ | مەخسۇس باج ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |
| دوگان بەگ | يات قەۋملەر ئەلچىلىرىنى تەمىنلەش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |
| پاششاپ بەگ | شەھەرنى چارلاش، قاراقچى ۋە ئوغرىلاردىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى تۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ |
| ئەرباب بەگ | باج ۋە غەللە - پاراقنى تاپشۇرۇشنى سۈيلەيدۇ |
| دوپ بەگ | 2000 تۇتۇندىن غەللە - پاراق يىغىدۇ |
| مىڭ بېگى | ئۇيغۇرلارنى ئايرىپ باشقۇرىدىغان باشلىق بولۇپ، 1000 ئادەمنى باشقۇرىدۇ |
| يۈز بېگى | يۈز ئادەمنى باشقۇرىدۇ |
| باقمىداربەگ | مېۋىلىك باغلارنى باشقۇرىدۇ |
| قاراۋۇل بەگ | قاراۋۇلخانىلاردا تۇرغۇچى ئۇيغۇرلارنى باشقۇرىدۇ |

## بەگلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە يۆتكەش

8 شەھەردە بەگ ئورنى بوش قالسا، ئەگەر شۇ جايدا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققالايدىغانلار بولسا، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىغا يوللاپ، رەسمىي ۋە قوشۇمچىنى بەلگىلەپ، مەلۇمات يېزىپ ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، تولۇقلاپ قويۇلاتتى. «تولۇقلاپ قويۇش نىزامى» (چيەنلۇڭ 28 - يىلى ھەربىي ئىشلار ۋازارىتى بەلگىلىگەن) غا ئاساسەن، ھەرقايسى شەھەرنىڭ ھاكىم بەگلىرى، ئىشكئاغا بەگلىرى ئۆز جايىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغانلىقى، مەسئۇلىيىتى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۆز ئۆلكىسىدىن چەتلەشتۈرۈش قائىدىسى بويىچە، ھەرقايسى شەھەرلەردىن تاللاپ، مەلۇمات يېزىپ ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، يۆتكەپ تولۇقلاپ، ئۆستۈرۈپ ئىشلەتتى.

ھەرقايسى شەھەرلەردىن يىغىلىپ قالغان تاللاپ ئادەم يۆتكەپ قويۇلىدىغان بوش ئورۇن 22، ھەرقايسى شەھەرگە تەۋە جايلاردىن يىغىلىپ قالغان تاللاپ ئادەم قويۇلىدىغان بوش ئورۇن 28، ھەرقايسى شەھەر باشقۇرۇشىدىكى شۇ شەھەر يېزىلىرىغا تاللاپ ئادەم قويۇلىدىغان بوش ئورۇن 213 بولدى، سېرىققولدىكى بوش تۇرغان 8 چوڭ - كىچىك بەگنىڭ ئورنى شۇ جايدىن ئادەم تاللاپ تولۇقلاندى. يۇقىرىدىكى تولۇقلاپ بەگ قويۇلىدىغان ھەرقايسى بوش ئورۇنلارغا بەگ قويۇشتا، قەشقەر، يېڭىساردىن

ئىبارەت ئىككى شەھەر تەۋەسىدىكى بەگلەر توغرىسىدا بىرلەشمە مەلۇمات يوللانغاندىن تاشقىرى، قالغان 6 شەھەر تەۋەسىدىكى بەگلەر توغرىسىدا بىر دەك مەسلىھەتچى ئامبال يەككە ئۆزى مەلۇمات يوللىدى. 6 ـ ۋە 7 ـ دەرىجىلىك بەگلەر ھەممە ئالتۇن ئوتتۇغاتلىق ئۇيغۇر ئامبال ئورنى بوش بولسا، ھەرقايسى شەھەرنىڭ ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىلى رەسمىي ۋە قوشۇمچە ئىككى ئادەمنى بەلگىلەپ، ئۆز ئورنىدا تەكشۈرۈپ تاللاپ قويۇشقا يوللىدى، ۋاسساللار مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىندى. يەنە 10 ـ ئايدا ھەربىي ئىشلار ۋازارىتى ۋاسساللار مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللىدى، ھەر يىلى باھار ۋە كۈزدىن ئىبارەت ئىككى پەسىلدە ھەرقايسى شەھەر بەگلىرىدىن ئۆستۈرۈلگەن، يۆتكەلگەن ۋە تۆۋەنلىتىلگەن ئادەم سانىنىڭ ئومۇمىي تىزىملىكى ۋاسساللار مەھكىمىسىگە يوللاندى.

ھەرقايسى شەھەرلەردىن يىغىلىپ قالغان تاللاپ ئادەم يۆتكەپ قويۇلىدىغان بوش ئورۇن 22 بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىچە: 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىمبەگنىڭ بوش ئورنى 7 بولۇپ، بۇلار قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، سايرام، كۇچا، شايار، كورلا، بۇگۇردىن ئىبارەت. 4 ـ دەرىجىلىك ھاكىم بەگنىڭ بوش ئورنى 7 بولۇپ، بۇلار يېڭىسار، قاراقاش، كېرىيە، تاقنول، يورۇڭقاش، چىرا، بايلاردىن ئىبارەت. 4 ـ دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بەگنىڭ بوش ئورنى 5 بولۇپ، بۇلار قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچادىن ئىبارەت. 5 ـ دەرىجىلىك ھاكىم بەگنىڭ بوش ئورنى بىر بولۇپ، بۇ ئۇچتۇرپاندىن ئىبارەت.

بەگلەرنىڭ دىيانەتلىك بولۇش پۇلى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەندەك بولدى:

بەگلەرنىڭ دىيانەتلىك بولۇش پۇلىنىڭ مىقدارى

| بەگلەر دەرىجىسى | دىيانەتلىك بولۇش پۇلى | بىرلىكى پاتمان، يېرىنىڭ كۆلىمى پايتەختنىڭ دادەن بىرلىكىگە سۇندۇرغاندا بەش دادەن ئۇچ كۇردىگە توغرا كېلىدۇ | يانچى سانى |
|---|---|---|---|
| 3 ـ دەرىجىلىك ھاكىم بەگ | 30 مىڭ يارماق | 150 | 80 |
| 4 ـ دەرىجىلىك ئىشىكئاغا بەگ | 15 مىڭ يارماق | 100 | 50 |
| 4 ـ دەرىجىلىك ھاكىم بەگ<br>4 ـ دەرىجىلىك شاڭ بەگ<br>4 ـ دەرىجىلىك غەزىنىچى بەگ | 12 مىڭ 500 يارماق | 80 | 30 |
| 5 ـ دەرىجىلىك ھاكىم بەگ<br>5 ـ دەرىجىلىك مۇتەسسىب بەگ | 7500 يارماق | 40 | 15 |
| 6 ـ دەرىجىلىك ھاكىم بەگ | 5000 يارماق | 30 | 4 |
| قالغانلىرى قىسقارتىلدى | | | |

uyghurkitap.com

بارلىق بەگلەرگە جەمئىي 192 مىڭ 500 يارماق دىيانەتلىك بولۇش پۇلى چىقىم قىلىندى (بۇ پۇللارنى ھەر يىلى مۇسۇلمان پۇقرالار تاپشۇردى). بەگلەرنى ئۆستۈرۈپ يۆتكەش يول خىراجىتى، بارىدىغان جايىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ پەرقلىق بولدى.

**قوشۇمچە** چىڭلۇڭ زامانىدىكى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ بىر قىسىم ھاكىم بەگلىرىنىڭ يۇرتى

(1) يۇسۇپ قۇمۇلنىڭ ئىناچىخانى، قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى بولدى، يەنە مەسلىھەتچى ئامبال بولدى. يۇسۇپ بىلەن ئىمىن خوجا ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئالمىشىپ مۇداپىئەدە تۇردى، ئۇلارنىڭ چەت ياقىلاردىكى مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر بولدى.

(2) ئىمىن خوجا تۇرپاننىڭ ئىناچىخانى، ياركەنتنىڭ ھاكىم بېگى بولدى.

(3) مۇسا ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى، قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى بولدى.

(4) ئابدۇللا يۇسۇپنىڭ ئىنىسى، ئۈچتۇرپاننىڭ بېگى بولدى.

(5) ئىسكەندەر تۇرپانلىق ئىمىن خوجىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى، دادىسىنىڭ ئىناچىخانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى. چىڭلۇڭ 53 - يىلى قەشقەرگە ھاكىم بەگ بولغان.

(6) سېتىۋالدى بايلىق، چىڭلۇڭ 19 - يىلى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. ئارقا - ئارقىدىن قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەنلەرگە ھاكىم بەگ بولغان.

(7) ئاق بەگ بايلىق، ئالدىنقى ئادەمنىڭ ئىنىسى، ئاكىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. يەكەنگە ھاكىم بەگ بولغان.

(8) ھادى كۇچالىق، چىڭلۇڭ 22 - يىلى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. بېيزى ئۇنۋانى بېرىلگەن. يەكەنگە ھاكىم بەگ بولغان.

(9) ئوسمان ھادىنىڭ ئوغلى، كۇچا، قەشقەرلەرگە ھاكىم بەگ بولغان.

(10) گادايمۇھەممەت بايلىق، چىڭلۇڭ 22 - يىلى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولغان. دۆلەتكە يۆلەكچى بەگ ئۇنۋانى بېرىلگەن. بايغا ھاكىم بەگ بولغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەگلەر قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، بايلاردىن بولۇپ، بۇلار ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغانلار ھېسابلىنىدۇ. بۇ شەخسلەرنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تۆھپىكارلار دەپ قارايدىغان بولسىمۇ، لېكىن غەربتىكى 4 شەھەردىكى مۇسۇلمان پۇقرالار كۆپىنچە ئۇلارنى دۈشمەن دەپ قارىدى. ئۇلار ئىشلەتكەن تىلماچ قاتارلىقلارمۇ كۆپىنچە شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئادەملىرى بولۇپ، ئۇلار ھەممىشە يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ خەلقنى بوزەك قىلدى. مەسىلەن: ئىمىن خوجا ئۆز ۋاقتىدا تىلماچىنىڭ مۇسۇلمان پۇقرالارنى خورلىشىغا يول قويغانىدى، گەرچە ھادى بۇنى پاش قىلىپ ئەيىپلىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. ئومۇمەن، بۇ ئەھۋال كېيىنكى چاغدىكى ئۇيغۇرلار يۇرتىدىكى پۇقرالار قوزغىلىڭىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبى بولۇپ قالدى، شۇڭا بۇنى بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

تەرجىمە قىلغۇچى: مەخمۇت نىزام

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

新疆
地方志

（季刊）

目 录

2000 年第二期

总第五十一期

顾 问
乌依古尔·沙依然
伊敏·图尔逊
努尔穆罕默德·多莱提

主 编
沙比尔·艾力

副主编
吾甫尔·吾守尔·尼牙孜
阿不都肉甫·艾力

编 委
（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿不都肉甫·艾力
阿不都守库尔·图尔地
阿不都克优木·霍加
阿不来提·努尔东
阿不来提·伊敏
热米拉
沙比尔·艾力
吾甫尔·吾守尔·尼亚孜
霍加阿合买提·优努斯
哈德尔·阿皮孜
哈斯木·霍加
库尔班·马木提

责任编辑
阿不力孜·鄂尔浑

# 目 录

## 文献记录

新疆维吾尔自治区地方志编委会 2000 年工作要点 …………………… 1

## 工作研究

用志浅谈 ………………………………………… 玛尔哈巴·夏吾东 4
论地方特色及志书质量问题 …………………… 贝丽克孜·买买提 6

## 历史资料

30 年代的乌孜别克队伍及其命运 …… 穆罕默德伊敏·库尔巴尼 10
喀什的新生活运动及新式教育的实行 ………………… 大石真一郎 20
和卓家族入新始末及其兴起背景 …… 吾尔买提江·阿不都热合曼 34
近代新疆印刷业初探 ……………………………… 甫拉提·伊米提 43

## 学术讨论

长史《长帽子玉素甫汗》的历史价值 ……………………………………
……………………………………… 阿不都热西提·艾里木阿吉 45

## 历史人物

历史上的维吾尔女杰 …………………………… 阿斯娅·穆罕默德 49

## 新疆百业

传统的水磨及其结构 ……………………………… 托合提·达吾提 53

## 中国经营西域史

第二章 乾隆朝统治新疆之政策 ……………………………………… 55

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 新疆地方志 维吾尔文(季刊) (ژۇرنال پەسىللىك) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى


办: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
新疆维吾尔自治区地方志学会
辑出版:《新疆地方志》维文编辑部
址: 乌鲁木齐市南湖路西一巷 7 号
排: 新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会
激光照排公司
刷: 新疆工人时报印刷厂

باشقۇرغۇچى : ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى : «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى » تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭىكۆل يولى غەربىي 1 - كوچا 7 - نومۇر
تىزغۇچى : ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتى
باسقۇچى : شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى » باسما زاۋۇتى

内统一刊号 CN65—1128/K—W
话: 4640715　　邮政编码: 830063
价: 3.00 元

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65—1128 / K—W
تېلېفون نومۇرى : 4640715　　پوچتا نومۇرى : 830063
باھاسى : 3.00 يۈەن